

مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئۈزدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# مىراس

5
2012
美拉斯

ISSN 1004-3829



ئابدۇغېنى مەتروزى سىزغان

دوپپا تىكىش




قوش ئايلىق ژۇرنال                2012 ـ يىل 5 ـ سان

(ئومۇمىي 133 ـ سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇر ئىشەنچلىرىدىكى «جىن» چۈشەنچىسى - - - ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە (1)
ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ............ شەۋكەت ئىلاخۇن (18)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

شىم تۆمۈر باتۇر .................................................. (7)
ياغاچچى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى .................................... (45)
ھاجى پەلۋان ..................................................... (69)

## ئادەت قېرىماس

قارلىق ئويۇنى ۋە «قارلىقنامە» .................. ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (13)
كىلياك مەشرىپىدىكى ئويۇنلار* ....... رەتلىگۈچى: توخسۇن ھۇسىين ئەلقۇت (57)
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چاچ پەرداز ئادەتلىرى ... ئامىنە زەيدىن (62)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

مەسەللەر .................................... مۇھەممەت ئىمىن (16)

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

تەرجىمە تەھرىرلىكىدىكى كومپيۇتېرنىڭ قوللىنىشچانلىقى - - - ئىبادەت ئىسمايىل (24)

## مىراسلىرىمىز

ئائىلىۋى تۇگمەن ــ يارغۇنچاق ............ قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن (27)
ئۇيغۇرلاردىكى ئوچاق ۋە تونۇر ............ ئابدۇكېرىم تۇردى (42)

## ئايدىڭ كېچىلەر

قاراقاش ......................................................... (28)



باش مۇھەررىر:
**ئازات سۇلتان**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
**Tel: (0991) 4554017**
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
**CN65 ـ 1130 / I**
خەلقئارالىق نومۇرى:
**ISSN1004 ـ 3829**
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: **mirasuyghur@126.com**
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: **1130BM**
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: **6500006000040**
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى

## يورۇق يۇلتۇزلار

سۇلتان باتۇرخان مازىرى ........................ مەردان مەتقاسىم (31)

## ئاداش - ئاداش بولايلى

لىڭگىرتاقتاق ................................................ (33)
ئۇيغۇرلاردىكى ساپاق ئويۇنى ...... ئابدۇرېشىت مۇساجان توغرۇل (60)

## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس

ئۈزۈم ۋە خەلقىمىزنىڭ ئېچىتىش ھۈنەرلىرى توغرىسىدا ... مامۇت قۇربان (35)

## ئۈنچىلەر تىزمىسى

ھۆرلىخا ـــ ھەمرا ........... ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (48)

## پەرھىزلىرىمىز

ئۇيغۇرلاردىكى قۇربانلىق مال تاللاش پەرھىزلىرى ... سالىجان ئابدۇرۇسۇل (52)

## تەبىئەت ـــ ئانام

كىروراننىڭ ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى ۋە يېڭىسۇدىكى توغراقلار ......
غالىب بارات ئەرك (53) ............................................

## ئەينەك

شىۋېتسارىيەنىڭ «قوشنىلار بايرىمى»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىق ئەنئەنىسىگە نەزەر ..................... مەتتوختى جۇرئەت (65)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

توغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟ ............ (75)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس، ئىليار ئابلىمىت
مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «دۇنياۋى مۇقام» نۇرمۇھەممەت ئىبراھىم سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: «سۇ تۈگمىنى» مۇساجان ۋاھاپ سىزغان
ئىچ بەت سۈرەتلىرىنى ئىليار ئابلىمىت تەمىنلىگەن

Chief editor: Azat Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

总编：
阿扎提·苏里坦
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责人编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 - 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# ئۇيغۇر ئىشەنچلىرىدىكى «جىن» چۈشەنچىسى



**ياسىن مۇھەممەتنىياز تىكە**

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھىي كۈچلىرىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى روللارغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى يامانلىق ۋە ياخشىلىق تەڭرىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەردە مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق قارايدۇ: «پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەن ئەپسانىلەر ئىچىدە ياخشىلىق تەڭرىسى ھورمۇز (ئاخرامازدا) بىلەن يامانلىق تەڭرىسى ئەھرەمەن (ئانگىرامەنيۇ) ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەر مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلاردا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىنسانلارغا پايدىلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھورمۇز پەيدا قىلغان، ئىنسانلارغا پايدىسىز ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەھرەمەن كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ھېكايەت قىلىنىدۇ. بۇ ئەپسانىلەردە ئومۇمەن ئەھرەمەن دېۋىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ۋە ھورمۇز تەڭرىسىنىڭ ياردەمچىلىرى بولغان ياخشىلىق تەڭرىلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن قىلغان جاپالىق كۈرەشلىرى بايان قىلىنىدۇ، شۇنداقلا كەييۇمارسنىڭ قەھرىمانلىقى مەدھىيەلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەييۇمارسنى تۇنجى ئىنسان، ياكى ئىنسانلارنى پەيدا قىلغان ئىلاھ دەپ تونۇغان» ①. كۆرۈش مۇمكىنكى يامانلىق تەڭرىلىرى كىشىلەرگە ئوڭۇشسىزلىق ئاتا قىلىدىغان تەڭرىلەردۇر. بۇنداق تەڭرى ياكى ئىلاھىي كۈچلەر ھەققىدە ئۇيغۇر ئىشەنچلىرىدە دېۋە، ئالۋاستى، جىن دېگەندەك بىر قانچە ئىبارىلەرلا ساقلىنىپ قالغان. جىن-ئالۋاستىلار ھەققىدىكى چۈشەنچە ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن قەدىمدىن بۇيان بار. «جىن» سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچىدىن كىرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ، ئۇ دىنىي خۇراپىي تەسەۋۋۇرلاردىكى خىلۋەت جايلاردا كىشى كۆزىگە ئادەم ۋە باشقا ھەرخىل نەرسىلەر قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغان ۋە ئادەمگە بىرەر بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق»②دىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تىلىدا نۆۋەتتە «جىن» سۆزى بىلەن تەڭداش مەنىدە قوللىنىۋاتقان سۆزلەردىن يەنە «ئالۋاستى»، «شاياتۇن» قاتارلىق سۆزلەر بار. «‹شاياتۇن› دېگەن سۆزمۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، رىۋايەتلەردىكى ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرىۋالغان ئەپسانىۋى مەخلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ»③. ئالۋاستى دېگەن سۆزمۇ شۇ مەنىدە، ئەلۋەتتە. ئەمما ئالۋاستى دېگەن سۆز ساپ تۈركىي تىلغا تەۋە سۆز بولۇپ، بۇ سۆز ئەسلىي ئالا باستى دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇ جايدىكى ئالا «جىن» دېگەن مەنىدۇر. ئالا سۆزىنى يەنە «قارا» دەپ چۈشىنىپ، «ئالا باستى» دېگەنلىكنى «قارا باستى» دەپ قارىساقمۇ خاتا بولماسلىقى مۇمكىن. ھەرخىل لۇغەتلىرىمىزدا بۇ سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىنىشىدىن قارىغاندا جىن سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىكتەك كۆرۈنىدۇ. دەرۋەقە «قۇرئان»دا جىن ھەققىدىكى بايانلار ئىنتايىن كۆپ. ھەتتا سۈرە «جىن»دىن ئىبارەت مەخسۇس بىر سۈرىمۇ نازىل قىلىنغان. سۈرە «ھىجىر»نىڭ 15ـ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس)نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقاندۇق»⑤. دېمەك «جىن»غا مۇناسىۋەتلىك ئىبارىلەر مەيلى ئۆز تىلىمىزدا بولسۇن ياكى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردە بولسۇن ئورتاق مەۋجۇت.

بىز يۇقىرىقىلاردىن باشقا تىلىمىزدا يەنە جىنغا مۇناسىۋەتلىك باشقا سۆزلەملەرنى بايقايمىز. بۇلار جىنئەنجۇرى، جىنتەك، جىنچاتقىلى، جىندىخانا، جىنكېۋىزى، جىنئۈزۈمى، جىنياڭيۇسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خەلق ئىشەنچلىرىدە جىننىڭ خېلىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ نوقۇل ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن پەيدا بولغان چۈشەنچە بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. دەرۋەقە قەدىمكى دەۋرلەرگە تەۋە بولغان «چىستانى ئىلىك بەگ» داستانى دەل ئەپسانىۋى قەھرىمانلارنىڭ جىنلار بىلەن ئېلىشىش ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئەكس ئەتكەن داستاندۇر. بۇ داستان قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە تارقالغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. بۇ داستاندا جىن-ئالۋاستىلارنىڭ چاپانبالىق شەھىرىگە ۋابا كېسىلى تارقىتىپ، خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكى، ئۇلارنى چاستانى ئىلىك بەگنىڭ يوقاتقانلىقى ۋە خەلق ئاممىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بىزدە ئەڭ بۇرۇن خاتىرىلەنگەن جىن ھەققىدىكى خاتىرىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خاتىرە مەھمۇد بوۋىمىز خاتىرىلىگەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا جىن-ئالۋاستىلارنىڭ نامى «چۈۋى» دەپ ئاتالغان. يېقىندا نەشىردىن چىققان رىشاد گەنجىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن 11ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» ناملىق كىتابتا بۇ ھەقتە خېلى مۇكەممەل خاتىرىلەر بايان قىلىنغان: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدە جىنلار ۋە جىن چاپلىشىشقا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرمۇ خېلى يەرنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ‹چۈۋى› دېگەن سۆزى مۇناسىۋىتى بىلەن بەرگەن مەلۇماتلىرى شەيتانلارغا ئائىت ئېتىقادلارنى ئىزاھلاشتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەلۇمات. ‹چۈۋى› جىنلار گۇرۇھىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ھەر ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتنىڭ جىنلىرىمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، ئەتىسى شۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ. كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسىبىرى يېڭىلسە، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھى مەغلۇپ بولىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ چېدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان چۈشەنچە»⑥. رىشاد گەنج توپتوغرا ھالدا «چۈۋى» ھەققىدىكى بۇخىل قاراشلارنى بىۋاستە ھالدا شامان دىنى دەۋرى بىلەن باغلايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق بايانلارنى يازىدۇ. «جىننى ‹يەل› دەپ ئاتايدىغان تۈركىي خەلقلەر جىن تەگكەنلىكنى ‹قۇۋۇچ› دەپ ئاتىشاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، تۈركىي خەلقلەر جىن چاپلىشىپتۇ دەپ قارىغان كىشىنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ، كېيىن ‹قۇۋۇچ-قۇۋۇچ› (قاچ-قاچ) دەپ ئادراسمان ۋە ئۇد شېخى بىلەن ئىسرىقلاشقان. ئادراسماننى ئوغۇزلار ‹يۇز ئەرلىك›، ئۈچ ۋە بارسخان شەھەرلىرىدىكى خەلقلەر ‹ئەلدۈرۈك›،

قەشقەرلىكلەر ‹يېزىغ ئوت› دېيىشەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسرىدە شەيتاننى قارغاش، جىن چاپلاشقانلار، جىنلارنىڭ ماكانى ۋە شەيتاننىڭ بىر كىشىنى ئەسنەتكەنلىكى ھەققىدە سۆز قىلىشى شەيتانغا دائىر چۈشەنچىلەرنىڭ خېلى كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»⑦.

ئەسئەت سۇلايمان «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى» ناملىق ماقالىدە مۇنداق بىر نەقىل ئېلىنغان: «ۋېنگرىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىزنىڭ دىققىتىمىز تازا چۈشۈپ كەتمىگەن غەيرىي مەخلۇقات تىپىدىكى بىرخىل يالماۋۇز ئوبرازى بار... ئادەتتە كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى زىكرى قىلىنىدۇ. ۋېنگرىيە يېزا - قىشلاقلىرىدا بۇگۈنگە قەدەر بۇ خىل تىل ئادىتى ساقلانغان بولۇپ، كىچىك بالىلار گەپ ئاڭلىماي قارغىشلىق قىلغاندا ئانىلار دائىم: ‹شۈك بول بولمىسا مومۇس سېنى ئېلىپ كېتىدۇ!...› دەپ قورقۇتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ بوبۇس دېگەن شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ»⑨. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدىمۇ ھازىرغا قەدەر كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن «بۆ بۆ كەلدى»، «بۆبۆش كەلدى» دەيدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر «جىن» دېگەن سۆزنىڭ «قورقۇنچلۇق» دېگەن مەنىسىنى تەستىقلىغان چېغىمىزدا شۇنى بىلىش قىيىن ئەمەسكى، بىز «بۆبۆش» دەۋاتقىنىمىز دەل «جىن»نىڭ ئۆزىدۇر. بۇ مەنىدە يالماۋۇزنىمۇ «جىن»نىڭ ئۆزى دەپ قارايمەن. «يالماۋۇز» ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە ئورتاق ئۇچرايدىغان ئەنئەنىۋى ئوبراز. تەتقىقاتچىلار «بۇ ئوبراز ئۇيغۇرلاردا يالماۋۇز، ئۆزبېكلەردە يالماغىز، قازاقلاردا جالماۋىز، قىرغىزلاردا جېلماغۇز دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. موڭغۇل ۋە مانجۇ-توڭگۇس تىل گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەردە ماڭگوس، ماڭسخار، ماڭگادخاي، ماڭۋاۋ، ماڭگاي، ماڭگاس. ئۇ ئەسلىدە ‹يەل› ۋە ‹مۇڭگۇز› سۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل تەرەققىياتى داۋامىدا ھەر خىل شەكىللەردە ئاتىلىپ قېلىشتىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىغا تۇتىشىدىغان خاس ئاتالغۇدىن ئىبارەت»⑩. يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، «جىن» سۆزى بىلەن «يەل» سۆزى تەڭداش مەنىدە بولغىنى ئۈچۈن، «يەل» ۋە «مۇڭگۇز» سۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىنىڭ ئەسلىسى بولغان «يەل» سۆزى دەل «جىن» سۆزىدۇر. دېمەك «يالماۋۇز» جىنلارنىڭ بىرسى بولۇشى مۇمكىن. «يالماۋۇز» ئوبرازى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەزرائىل بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بىز خەلق چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇزنىڭ تەسۋىرىدىن بۇنى ئىنتايىن ئاسان ھېس قىلالايمىز: ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇز موماينىڭ قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ دۇمچەك بولۇپ، چىرايىمۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق. ئۇنىڭ «بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدۇ». بۇ تەسۋىرلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە ساقلىنىپ قالغان مۇنۇ ئىسلامىي ئەپسانە ئوتتۇرىسىدا روشەن ئورتاقلىق بار: «زامان ئاخىر بولۇش، ئەزرائىلنىڭ توقۇمنى توقۇپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئەزرائىل توقۇمنى توقۇپ بولۇشقا خوراز ئۇنىڭ توقۇمنى چوقلاپ كاردىن چىقىرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ مىڭبىر جاپادا توقۇمنى توقۇپ بولىدىكەن. ئەزرائىل توقۇمنى توقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاغنى مىنىپ تۈمەن خىل سازلارنى چېلىپ كېلىدىكەن. كىمكى شۇ سازلارنىڭ ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ چىقسا ئۇ شۇنى يۇتۇپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ بەشرىسى شۇنچىلىك سەت بولۇپ، بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن، شۇڭا ئاخىرىدا جاھاندىكى ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كېتىدىكەن». ئەزرائىل ھەققىدىكى بۇ «بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن» دېگەن تەسۋىر يالماۋۇزدىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال. دېمەككى، «چىۋى»، «يالماۋۇز»نىڭ ئورتاقلىقى كېيىنچە ئەزرائىل ئۈستىگە يۈكلىنىپ ئۇلارنىڭ ئەسلىي تۈرق ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قېلىنغان.

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىلىدا «چىۋى» سۆزى ئىستېمالدىن قالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەمما «يەل» دېگەن سۆزنى ھەققەتەن «جىن» دېگەن مەنىدە چۈشەنسەك، ئۇ چاغدا بۇ ھەقتە پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىدا نامەلۇم كېسەللەرنى «يەل تەگدى» دەپ قارايدىغانلىقى مەلۇم. يەنە ساپ ئۇيغۇرچە سۆز «ئالۋاستى»دىكى «ئال» سۆزى ھازىرمۇ جىن مەنىسىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئەل ئارىسىدا كۆزى تۇيۇقسىز كۆرمەي قالغان كىشىلەرنى «ئالا كۆرۈپ قاپتۇ» ياكى «ئالا چۈشەپ قاپتۇ» دەيدۇ. بېرەر تەلەيسىزلىك تەكرار كەلسە «ئالا باستى» ياكى «قارا باستى» دېيىشىدۇ. ئەگەر ھامىلە تۇغۇلغاندا ئۆلۈك

uyghurkitap.com



تۇغۇلسا ياكى ئانىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ يىغلىسا ئۆلۈپ كەتسە «بالىنى ئال يەپ كەتتى» دەيدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردىكى چېچەكلەر تۆكۈلۈپ كەتسە «ئاسماندىن ئالا چۈشۈپتۇ» دېيىشىدۇ. خوتەن يەرلىك تىلىدا ئاق كېسەل سەۋەبىدىن يۈزى بۇزۇلغان كىشىلەرنى «ئالا كېسەل بولۇپ قالدى» ياكى «ئالەك بولۇپ قالدى» دەپ قارىشىدۇ، بۇلاردىن مەلۇمكى «ئالا» سۆزى دەل «جىن» سۆزى بىلەن تەڭداشتۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا «جىن» سۆزى بىلەن تەڭداش سۆزلەردىن يەنە دىۋە سۆزى مەۋجۇت. دىۋە سۆزى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە شۇ قەدەر ئومۇملىشىپ كەتكەن. تۈرلۈك لۇغەت ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزدە «دىۋە» سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا پارسچىدىن كىرگەن سۆز⑪ دەپ قارىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى چۆچەك ۋە رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ناھايىتى زور كۈچ قۇدرەتكە ئىگە بولغان غەيرىي تەبىئەتلىك مەخلۇق دېگەن مەنىدە. پارسچىدا بۇ سۆز «دىۋ (deev)» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەنىسى ئۇيغۇر تىلىغا قارىغاندا بىر قەدەر كەڭ بولۇپ دىۋە دېگەندىن باشقا يەنە جىن، ئالۋاستى دېگەن مەنىدە. تۈركولوگ، پروفېسسور گۈنئاي قاراغاچ (Günay Karaagac) يازغان «تۈركچە ئۆتمە سۆزلەر لۇغىتى» (verintiler sozlügü) (türkce) (تۈرك تىل كومىتېتى نەشرىياتى، ئەنقەرە نەشرى، 2008-يىل 5-ئاي)دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «دەۋ (Dev) 1-چۆچەكلەردىكى قورقۇنچلۇق. بەھەيۋەت ۋە پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئوبرازلارنى كۆرسىتىدۇ. 2-پەۋقۇلئاددە چوڭ مەخلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ. 3-ناھايىتى يوغان ۋە زور دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. رۇس تىلىدا <Div> دېيىلىدۇ. دىۋە، جىن دېگەنلىك بولىدۇ. بۇلغارچىدا <Dev> دېيىلىدۇ. دىۋە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلغارچىدا يەنە <sIzmudIv ،gorskIdIv> دېگەندەك سۆزلەرمۇ بولۇپ بۇلارنىڭ مەنىسى يامان (نىيەتلىك ــ ئا) پەرىشتە، جىن دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. سرب-ھىرۋاتچىدا <DV>، ئەپسانىۋى مەخلۇق، كۈچلۈك ۋە پەۋقۇلئاددە مەخلۇق دېگەن مەنىدە، ئالبانچىدا <div,dif> دېيىلىدۇ. مەنىسى ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەخلۇق، دىۋە، بەھەيۋەت، يوغان دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ۋېنگىر تىلى <dIv> دېيىلىدۇ. دىۋە دېگەن مەنىدە»⑫. بۇ سۆز يەنە ئىنگلىز تىلىدا «دەۋىل» (devil) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە بەزى تەتقىقاتچىلار: «بۇ سۆز گىرېكچىدىكى ‹دىئابولس› (diabolos) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ مەنىسى زوراۋان، جازالىغۇچى دېگەن مەنىدە»⑬ دەپ قارىسا، بەزى تەتقىقات مەنبەلىرىدە « <devil> دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئىنگلىز تىلىدىكى <deofol> دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ‹يامان روھ› دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ»⑭. مەنىسى جىن، شەيتان دېگەن مەنىدە. بۇ سۆزنىڭ «مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى بىزگە بۇ سۆزنىڭ ھىندى تىلىدىكى مەنىسىنى ئىزدەش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن دىۋە دېگەن سۆزنىڭ ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيەت تۇپرىقىغا ئورتاق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئىنتايىن كەڭ ئۇچرايدىغان «يالماۋۇز» ئوبرازىنىڭ «دىۋە» بىلەن تەڭداش قويۇلغانلىقىدىن «يالماۋۇز»نىڭمۇ «جىن» بىلەن تەڭ مەنىدە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش ئوڭاي.

دېمەك تىلىمىزدا تارىختىن بۇيان «جىن» نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن: «جىن»، «ئالۋاستى»، «شاياتۇن»، «شەيتان»، «ئىبلىس»، «چۇۋى»، «يەل»، «قۇۋۇچ»، «ئالا»، «قارا»، «يالماۋۇز» قاتارلىقلار مەۋجۇت. تىلىمىزدا بۇنچىلىك كۆپ سۆزلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ «جىن» ھەققىدە ئىنتايىن كۆپ چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا «جىن» ھەققىدە ئىپتىدائىي ئەدەبىيات تېمىسىدىن بولغان ئەپسانىلەرنىڭ ئىنتايىن كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇتلۇقىنى قىياسلىغىلى بولىدۇ. شۇ مۇناسىۋەتتە مەن نۆۋەتتە خوتەندىكى ھەرقايسى رايونلاردا مەلۇم مەزگىل تەكشۈرۈشتە بولدۇم ۋە تۆۋەندىكىلەرنى بايقىدىم.

1) جىنلارنىڭ ماكانى ھەققىدە

خەلق ئارىسىدا كىشىلەر شۇنىڭغا بەكمۇ ئىشىنىدۇكى، جىنلار خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس جەمئىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا موللا-ئالىملىرىمۇ، ناچار ـ ئەسكىلىرىمۇ، ساق-مېيىپلىرىمۇ بولىدۇ. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ مەخسۇس ياشايدىغان ماكانى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ماكانى كۆپىنچە مېنىت، يىگانە، قاراڭغۇ،

زۇلمەت جايلاردا بولىدۇ. بۇ بىزگە چۆچەكلەردىكى دىۋە-
لەرنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق
چۆچەكلىرىدە دىۋە كۆپىنچە ئادەملەردىن ئايرىلغان يىراق
جايدا ــ چۆللەرنىڭ ئۇ يېقىدا، تاغنىڭ باغرىدا ياشايدۇ.
بەزىلىرىدە كوھىقاپ دەپ تەسۋىرلەنگەن بولسا بەزىلىرى-
دە قەسىر، ئىمارەت دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئادەتتە كەڭ
سەھرادىكى كىشىلەر شۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىدۇكى⑮،
ئەگەر كىشى يالغۇز جىگدە، يالغۇز تېرەك، ئىشقىلىپ
يەككە يېگانە تۇرغان دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قالسا
ئۇنى «ئال قېقىۋالىدۇ» ياكى «جىن قېقىۋالىدۇ». شۇ سە-
ۋەبتىن ئۇ ئېلىشىپ قالىدۇ. ئېغىزى مايماق كېتىدۇ. جىن-
لارنىڭ ماكانى يەنى قان تۆكۈلگەن جايلاردا، مەسلەن،
قوي قۇربانلىق قىلغان جايلاردا، مازار-ماشايىخلاردا بو-
لىدۇ. يۇندى ئازگاللارمۇ ئۇلارنىڭ ماكانىدۇر. كىشىلەر
ئاخشاملىرى مۇشۇنداق جايلارغا بارغاندا ئادەتتە جىن بار
دەپ قاراپ «ئايەتەلكۇرسى» دېگەن سۈرىنى ئوقۇشىدۇ.
ئاخشاملىرى يۇندى تۆگكەندە ياكى چاتقاللار ئارىسىدىن
ئۆتكەندە، «پوش-پوش يىراق تۇرۇڭلار جىنلار، پوش-
پوش يىراق تۇرۇڭلار» دەپ جىنلارنى قوغلايدۇ. ئەگەر
ئۆيدە يۇندى-سۆڭەكلەرنى قوندۇرۇپ قالسا، ئۆيدە
جىن قوندۇرۇپسەن دەپ ئاغرىنىشىدۇ. ئەلۋەتتە قۇرئان
كەرىمدىمۇ جىنلارنىڭ ئورنى ھەققىدىكى كەلىملەر بار.
«قۇرئانى كەرىمدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر» ناملىق كى-
تابتا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئىسلام دىنى پەيدا بولۇش-
تىن ئىلگىرىلا، ئەرەبلەرنىڭ مۇشرىكلىك دىنىنىڭ ئېتىقاد-
چىلىرى جىنلار ھەممە يەردە بار. ئۇلار تاش ۋە دەرەخ
ئۈستىدە ياشايدۇ ھەمدە قۇدۇق ۋە ئېرىقلارغا قارايدۇ
دەپ ھېسابلايتتى».

2) جىن بىلەن ئالاقىلىشىش

جىن بىلەن ئالاقىلىشىش پەقەت ئايرىم ئادەملەر-
نىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. بۇلار خەلق ئارىسىدا «داخان»
ياكى «پېرىخون» دېيىلىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر جىن
بىلەن ئالاقىلىشەلمەيدۇ. «داخان» ياكى «پېرىخون»دىن
باشقا يەنە ئېلىشىپ قالغان ياكى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ
قالغان كىشىلەرمۇ جىن بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ
ھەررەڭ - سەررەڭ سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە جىن
بىلەن ئالاقىلەشكەنلىك دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر
خەلق تىلىدا «جىنلىق» دەپ قارىلىدۇ. جىن بىلەن ئالاقى-
لىشەلەيدىغان كىشىلەر كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ.
باشقىلارنىڭ ئوغرىلىنىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تاپالايدۇ،
كېسەل داۋالىيالايدۇ. ئۇلار جىنلارنى ئىشقا بۇيرۇيالايدۇ.
ئۇلار جىنلارنى ھەتتا «جىنلىرىم» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق
كىشىلەرنى كېرىيە شىۋىسىدە «كەسمە جىنلىق» دەپ ئا-
تايدۇ.

3) جىننى كونترول قىلىش

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «داخان» ۋە «پېرىخون»
لار جىننى كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇلاردىن
باشقا ھەرقايسى رايونلاردا مۇنداق بىرخىل كۆز قاراش
ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. جىن ئەگەر كىشىنىڭ يېنىغا
كەلسە، شۇ كىشى ئەگەر جىندىن قورقماي ئۇستىلىق
بىلەن ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ بىر تۇتام چېچىنى
كېسىۋېلىپ، قۇرئاننىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويسا، جىن ئۇنىڭ
كونتروللۇقىغا كىرىدۇ. ئۇ نېمە دېسە شۇ ئىشنى قىلىدۇ.
جىن ئۆزىنىڭ چېچىنى شۇ كىشىدىن سوراپ قاتتىق يالۋۇ-
رىدۇ. جىننىڭ چېچىنى قولىغا ئېلىۋالغان كىشى ئۇنىڭغا
چېچىنى بەرمىسىلا ئۇ نېمە دېسە شۇنى قىلىدۇ. ئەڭ ئاخى-
رىدا جىننىڭ قاتتىق يالۋۇرۇشى ئاستىدا ئۇنىڭغا چېچىنى
قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن «بۇنىڭدىن
كېيىن مېنىڭ 70 پۇشتۇمغا چېقىلمايسەن» دەپ ۋەدە ئېلى-
نىدۇ. جىن شۇ ۋەدىگە كۆنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چېچىنى
قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەلق ئارىسىدىكى
چۈشەنچىلەردىن قارىغاندا جىن ئىماندىن قورقىدۇ. جىن
يەنە تىغلىق ئەسۋابتىن، بولۇپمۇ پىچاقتىن بەكلا قورقىدۇ.
شۇڭا كىشىلەر يۇندى ئازگاللاردىن ئۆتكەندە «پوش،
پوش جىنلار پۇتلىرىڭلارنى تارتىڭلار، ماڭا يول بېرىڭ-
لار، قولۇمدىكى پىچاقنى كۆردۇڭلارمۇ» دەپ جىننى
قوغلايدۇ. جىن يەنە ئوتتىن قورقىدۇ. ئېنىقكى يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغاندەك ئىسرىق ئارقىلىق جىن قوغلاش ھازىر-
مۇ مەۋجۇت. ئەمما جىننى كونترول قىلىش ھەققىدىكى
چۈشەنچىلەر ئۇنداق كۆپ ئەمەس. كۆپىنچە چۈشەنچىلەر-
دە جىننىڭ ئادەملەرنى ئازابلىغانلىقى، ئادەملەردىن ئۆچ
ئالغانلىقى مەلۇم. كېرىيە ناھىيەسىدە مۇنداق بىر ھېكايەت
كەڭ تارقالغان. يەنى، «ئاخشىمى يول يۈرگەندە يولدا
ئۇچرىغان نەرسە ۋە ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلىش

كىرەك. چۈنكى جىن ھەمىشە ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ئادەمگە سۆز تاشلايدۇ. جىن كۆپىنچە ئاجايىپ ئۇزۇن چار ئارغامچىنىڭ شەكلىگە كىرىۋالىدۇ. كېچىسى يولدا بۇ ئارغامچا بەكمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ. كىشى ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم ئىختىيارسىز ھالدا ‹تووا بۇ ئارغامچا نېمىدېگەن ئۇزۇن› دەپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارغامچا سۆزگە كېلىپ، ‹بۇ ئارغامچا ئاناڭنىڭ ئۇچىيىدىنمۇ ئۇزۇنمىكەن› دەپ سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىنىڭ ئېغىزى تۇتۇلۇپ قالىدۇ».

4) جىننىڭ تاشقى قىياپىتى

ئۇيغۇر ئىشەنچلىرىدىن قارىغاندا جىننىڭ تەن شەكلى ئادەمنىڭ تەن شەكلى بىلەن ئوخشاش. بەزى كىشىلەر مەلۇم كىشىلەرنىڭ جىننىڭ بالىلىرىنىڭ بىرەر يېرىنى مەسىلەن، پۇتىنى دەسسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، جىنلارنىڭ ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا جىنلارنىڭمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش تەن تۈرقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. ئادەتتە جىنلارنىڭ كۆز، بۇرۇنلىرى ھەققىدە ئېنىق تەسۋىرلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. «بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن» دېگەن تەسۋىردىن ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ تولىمۇ بىكۆركەملىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا چىرايى ساپسېرىق ئادەملەرنى «جىن»، «ئالۋاستى» دەپ ھاقارەتلىگىنىدىن، چېچى ساپسېرىق كىشىلەرنى «جىندەك» دەپ تەرىپلىگىنىدىن «جىن» كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە سېرىق چاچلىق، سېرىق يۈزلۈك، كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان، چاچلىرى چۇۋۇق ۋە ئۇزۇن، ئاۋازى ئىنتايىن غەلىتە قورقۇنچلۇق مەخلۇقتۇر دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر ئىشەنچلىرىدىن قارىغاندا جىن تەبىئەتتىن تاشقىرى مەخلۇق بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار بىلەن ھەر ۋاقىت قارشىلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەقىلدار جەھەتتە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كىشىلەرگە يامانلىق قىلىدۇ. بەزىدە ئىنسانلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالسا، ياخشى ئىشمۇ قىلىدۇ. خالىغان نەرسىلەرگە ئۆزگىرەلەيدۇ. دەرۋەقە بۇلار خۇراپىي ئېتىقاد چۈشەنچىلەردۇر. ئەمما ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

① ئوسمان ئىسمائىل تارىم، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 161 ـ بەت.

② ھەمدۇللا ئابدۇراخمان قاتارلىقلار تۈزگەن، «ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 187 ـ بەت.

③ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

⑤ «قۇرئان كەرىمدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر»، ياڭچىچىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن. ئوبۇل ئىسلام، زاھىت رەھىم تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 90 ـ بەت.

⑥ رىشاد گەنج (تۈركىيە)، «‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 249 ـ بەت.

⑦ رىشاد گەنج (تۈركىيە)، «‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 250 ـ بەت.

⑨ رىن چىن دورجى، لاڭ يىلىڭ تۈزگەن، «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل داشۆسى نەشرىياتى، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 14 ـ، 15 ـ بەتلەر (مەزكۇر نەقىل ئەسەت سۇلايماننىڭ «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى» ناملىق ماقالىسىدە ئىشلىتىلگەن).

⑩ ئەسەت سۇلايمان، «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى، 1 ـ سان.

⑪ ھەمدۇللا ئابدۇراخمان قاتارلىقلار تۈزگەن، «ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 262 ـ بەت.

⑫ «تۈركچە ئۆتمە سۆزلەر لۇغىتى» (türkce verintiler sozlügü) تۈركولوگ، پىروفېسسور گۈنئاي قارائاغاچ (Günay Karaagac) تۈزگەن، تۈرك تىل كومىتېتى نەشرىياتى، ئەنقەرە نەشرى، 2008 ـ يىل 5 ـ ئاي، 240 ـ بەت.

⑬ http://en.wikipedia.org/wiki/Devil

⑭ http://www.etymonline.com/index.php?term = devil

⑮ «قۇرئان كەرىمدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر»، ياڭچىچىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن. ئوبۇل ئىسلام، زاھىت رەھىم تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 90 ـ بەت.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ لېكتورى، ماگىستىر)

# چىن تۆمۈر باتۇر



ھاياتتا ئەستىن چىقمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بولىدۇ. بەزىلىرى تاكى كۆز يۇمغۇچە ۋۇجۇدۇڭدا ئەللەيلىنىدۇ. كىچىك ۋاقلىرىمدا ئاپام ئېيتىپ بېرىدىغان ئاجايىپ غارايىپ چۆچەكلەرنىڭ تولىسى يادىمدا. «خېمىر باتۇر»، «ئۇر توقمىقىم». «ئېچىلىڭ داستىخىنىم»، «ئادىل پادىشاھ»، «سولتەك تۆلكە»، «چىن تۆمۈر باتۇر» كەبى گۈزەل چۆچەكلەرنى ئاپامدىن زوق بىلەن ئاڭلاپ، يازنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە قۇرداشلىرىمغا زوق-شوخ بىلەن ئېيتىپ بەرگەنلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، مۇشۇ كۈنگىچە نۇرغۇن چۆچەكلەرنى تولۇق ئەسلەپ ئېيتىپ بېرەلەيمەن. جۈملىدىن «چىن تۆمۈر باتۇر» قەلبىمنىڭ ئەڭ تىرەن قاتلاملىرىغا سىڭگەن چۆچەكلەرنىڭ بىرىدۇر.

«چىن تۆمۈر باتۇر»نى چۆچەك ئەمەس، بەلكى بىر داستان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. چۈنكى ئۇ قەيت قىلغان ۋەقە قىسقا بولسىمۇ، كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسى ھەجىم جەھەتتىن چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرگۈچىگە قانداقتۇر بىر مۇكەممەل داستاندەك، ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، قەدىمىيلىكى تەرەپتىن ئۇ بىر ئېپوستەك بىلىنىدۇ.

«چىن تۆمۈر باتۇر»غا بولغان قىزىقىشىم ۋە نۇرغۇن چۆچەكلەرگە قارىغاندا مەزكۇر چۆچەكنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈشۈمگە چۆچەكتىكى بۈگۈنكى تەتقىقات مېتودى بىلەن قارىغاندا ئۇ بىزگىچە يەتكۈزگەن ئۇچۇرلار بولسا كېرەك. چۆچەكنىڭ قەدىمىيلىكى جەھەتتىن قارىغاندا چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ ياشاش مۇھىتى، يەنى ئۇلارنىڭ پايانسىز، ئادەمسىز، باياۋان جەزىرىدە يېگانە ياشاپ كەلگەنلىكىدۇر.

بۇ بىز ئېرىشىدىغان بىرىنچى ئۇچۇر، چۆچەكتە قەيت قىلىنغان تۈگۈلۈكلۈك ئۆي، ئېغىل، مەختۇمسۇلانىڭ تارغىقى، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئوۋ جابدۇقلىرى، مەسىلەن، مىسران قىلىچ، ئوقيا، كۆندۈرۈلگەن ئارغىماق ئات، ئوۋغا كۆندۈرگەن كاپ-كاپ كۈچۈك، مۈشۈك، توخۇ قاتارلىقلار شەھەرلەشكەن زاماندىن ئۇچۇر بېشارەت بېرىدۇ. قالماق شاھزادىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە بولۇپ ئۆتكەن جەڭ 12-ئەسىر موڭغۇل ئىستىلاسىنى ئەسكە سالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقان-

www.uyghurkitap.com



دا مەزكۇر چۆچەك ئىپتىدائىي ياشاش دەۋرىنى شەھەرلەشكەن دەۋرگە، شەھەرلەشكەن دەۋرنى يېقىنقى زامانغا ئۇلايدۇ. بۇ بىز چۆچەكتە بايقايدىغان زامان، ماكان ئۇچۇرى. چۆچەكتە ئوت مۇتىفى (ئوتنى ئۆچۈرمەسلىك، ئوت سوراش) پەرھىز مۇتىفى (كۆلنى سورىماسلىق، توخۇنى تاخ دېمەسلىك، مۈشۈكنى پەش دېمەسلىك) يالماۋۇز مۇتىفى (يەتتە باشلىق يالماۋۇز) قاتارلىق ئەسەرنى قەدىمىيلىككە ئىگە قىلغان مۇھىم ئۈچ مۇتىف ئامىلى بار.

ياپونىيەلىك ئالىم نىشىۋاكى تاكوۋو ئەپەندى ئېلان قىلغان «چىن تۆمۈر باتۇر چۆچىكىنىڭ مۇتىفى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى نەچچە ئون يىلدىن بېرى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن قەدىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر»نىڭ مۇتىف ئىندېكسىنى ستىز تومپوسوننىڭ «دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ ئىندېكسى» بويىچە تەرتىپلەپ «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى سېھرىي چۆچەكلەر تىپىدىكى 749.A ـ 300، تىپىنى بولسا AT301غا تەۋە دەپ بېكىتىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مۇتىفىغا تەۋە ئوخشاش مۇتىفلىق ياكى نىسبەتەن ئوخشاش مۇتىفلىق چۆچەكلەردىن 147 پارچىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان، مەزكۇر ماقالىنى مەن تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردۇم. ئەمگىكىمگە يارىشا جەمئىيەتتە ئىجابىي تەسىر قوزغىدى.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئۈستىدە ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە خېلى ئوبدان ئىزدەندى. ئۇ «ئالىمنىڭ سىرى»، «دىۋە كىم» قاتارلىق ماقالىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇردى. ماقالىلىرىدە ياسىن تېكە ئەپەندى سابىق دۇنيا فولكلور جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، ئاتاقلىق فولكلور ئالىمى، سمۇۋلىزم ۋە روھ ئانالىز ئىلمىنى فولكلور تەتقىقاتىغا تەدبىقلىغان ئامېرىكىلىق ئالىم ئالان دونديسنىڭ تەتقىقات مېتودى بويىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، بىزگە ھازىرغىچە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان چۆچەكنىڭ پوتېنسىيال مەزمۇنلىرىنى قاتلاملىرى بويىچە يېشىپ ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، چۆچەكتە يوشۇرۇن، چۆكمە ھالەتتە ياتقان پوتېنسىيال مۇناسىۋەتلەر (چىن تۆمۈر باتۇر ۋە مەختۇمسۇلانىڭ مۇناسىۋىتى)، چۆچەكتە سمۇۋولىستىك تۈس ئالغان يالماۋۇز، قان قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇتىفلار ئۈستىدە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ۋەھالەنكى چۆچەكلىرىمىز ئۈستىدىكى تەتقىقات، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىمىزدىكى بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى چۆچەكلىرىمىز ئىچىدە نىسبەتەن تەتقىقات قىزغىنلىقى قوزغىيالىغان چۆچەكلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. بۇ چۆچەكنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىيارىمىزغا تۈرلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرگە كەلگەن ۋىلھېلم رادلوف، ئالبېرت ئاۋگوست فون لىكوك، سېرگىي ئېفىموۋىچ، كارل ھېنرىخ مېنگىس، گۇننار ياررىڭ قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر تۇرپان، قومۇل، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا تىل تەكشۈرۈش، فولكلور تەكشۈرۈش جەريانىدا خاتىرىلىگەن. جۈملىدىن «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى ۋىلھېلم رادلوف تارانچىلار (ئىلى ئۇيغۇرلىرى) ئارىسىدا خاتىرىلىگەن.

ژۇرنىلىمىزغا تەييارلانغان «شىم تۆمۈر باتۇر» ئەنە شۇ جۈملىدىن. بۇ ئەسەرنى تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەشھۇر تۈركولوگ رەشىد رەھمەتى ئارات نەشرگە تەييارلىغان «شەرق تۈركچىسى مەتىنلىرى»دىن نەشرگە تەييارلىدىم. (تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، رەشىد رەھمەتى ئارات «شەرق تۈركچىسى مەتىنلىرى» ئەنقەرە ــ 1987).

ئەسەرنى ۋىلھېلم رادلوف ترانسكرىپسىيەلەشتۈرگەن. ئەسەرنىڭ كىتابتىكى رەت تەرتىپى (Radloff.Proben.VI.Metin :180 ـ 188 Terc :236 ـ 247) ئەسەرنى ھازىرقى يېزىقىمىزغا كەلتۈرۈشتە ئەسلىسىگە سادىق بولۇش پىرىنسىپىنى قوللاندىم، قوشمىدىم، كېمەيتمىدىم. تىنىش بەلگىلەرىنىمۇ ئەينەن ئالدىم. مەزكۇر ئەسەر قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەل بولمىسىمۇ، بىراق سېلىشتۇرما تەتقىقاتقا پايدىلىق. شۇنداقتىمۇ ئەسەر ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەييەن بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ قالالىغان. توپلامدا ئەسەرنىڭ ئېيتىپ بەرگۈچىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن، توپلانغان جاي تارانچى دەپ ئېلىنغان، ئېنىق جاي بەلگىسى يوق، شۇ پېتى ئالدىم.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى چۆچەكلەر خەزىنىمىزدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان مەنىۋى گۆھەرلىرىمىزنىڭ بىرى، بۇ چۆچەكنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، بۇ ھەقتە ئىزدىنىش مۇشۇ ساھەگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ بۇرچى!

**تەييارلىغۇچىدىن**

شىم تۆمۈر باتۇر بىر يىگىت بار ئىكەن. ئېنىڭ مېھتىم سېلى دەپ بىر سىڭىنسى بار ئىكەن. شىم تۆمۈر باتۇر ئول سىڭىنسىگە تولا ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى سىڭىنسى تۈش كۆرۈپتۇ، تۈشىدە ئاغىسى ئوغا چىقىپ، بۇغۇ مارالارنى تولا ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇغۇ مارالارنىڭ بېشىنى ئېتىغا غانجۇغۇلاپ ئېلىپ كېلىپتۇ، گۆشىنى زىققا سويىپ ئوتقا قاقلاپ كاباب قىلىپ يەپتۇ. مېھتىم سېلى ئول تۈشىدىن قورقۇپ ئويغېنىپتۇ. كۆرگۈن تۈشىنى ئاغىسىغا ئايتىپتۇ. ئاغىسى ئايتىپتۇ: تولا ياخشى تۈش كۆرۈپسىز، دەپتۇ. دىگەندىن كېن ئايتىپتۇ:

ئۇلۇق سۇغا سەن بارماڭ،
بېشىڭىزنى تارىماڭ،
ئىتىڭىزنى چاغ دېمەڭ،
مۈشۈكىڭىزنى پىش دېمەڭ،
ئوتىڭىزنى ئۆچۈرمەڭ،
ئېگىز يەرگە سىز چىقماڭ، دەپ ئاغىسى ئوغا چىقىپ كەتتى. ئاندىن كىن سىڭىنسى:
ئۇلۇق سۇنۇنىڭ بويىغا بېرىپتۇ،
بېشىنى ئاندا تاراپتۇ،
چېچى سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ،
كەلسە ئوتى ئۆچۈپ قاپتۇ،
ئىتىنى چاغ دەپ ئايتىپتۇ،

مۇشۇكنى پىش دەپ ئايتىپتۇ،
قايدىن ئۇتنى تاپىمەن دەپتۇ،
ئېگىز يەرگە چىقىپ قايلاپتۇ.
بىر يەردىن ئىس كېلىپ چىقىپتۇ،
ئاغىسى قىلمەڭ دېگەن ئىشلەرنى سىڭىنىسى ھەممىسىنى قىلىپتۇ.

شۇ يەردىن ئىس چىققان يەرگە ئۇت ئالغىلى باردى، بارسا ئۇل يەردە يېتى باشلىق يىلمۇگۇز بار ئىكەن، ئۇل قولاپ پىتنى قېقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

مەھتىم سىلە ئايتىپتۇ: ئۇتقا كېلىپ ئىدىم، دەپ دېگەندىن كېيىن يېتى باشلىق يىلمۇگۇز بىر تېزەككە ئۇتنى تۇتاشتۇرۇپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇپتۇ، ئىككى يېڭىگە پىت قويۇپ بېرىپتۇ، ئۆيىڭگە بارغىچا بۇ پىتنى ئىككى يېقىڭغا تۆكۈپ بارغىن! دەپتۇ. مەھتىم سىلە يېتى باشلىق يىلمۇگىز بەرگەن پىتنى ئۆيىگە كەلگىچە قويۇپ كەپتۇ، ئۇل پىت يەردىن ئازغان چىغان بولۇپ ئۇنۇپ چىقىپتۇ، ئوتتۇرىسى يول بولۇپتۇ. ئۇل يېتى باشلىق يىلمۇگۇزنىڭ كۆزى قارىغۇ ئىكەن، ئۇل يول بىلەن كېلىپ مەھتىم سىلىنى ئىسى تاپىندىن تىلىپ قېنىنى شوراپ ئىچىپتۇ. ھەر كۈنلىگى شۇنداق قىلىپتۇ. بىر كۈنى شىم تۆمۈر باتۇر ئۇدىن كېلسە سىڭىنىسى تولا يۇدەپ كېتىپتۇ. شىم تۆمۈر باتۇر سۇراپتۇ: بەك يۇدەپسىز، نېمە بولدۇگۇز؟ دەپتۇ. دېگەندىن كېيىن سىڭىنىسى ئايتىپتۇ:

مەن بىر تۈش كۆرگەندە،
سىز ماڭا ئايتىپ ئېدىڭىز،
ئۇلۇق سۇدا سەن بارماڭ!
بېشىڭىزنى تارامالڭ
ئوتۇگىزنى ئۆچۈرمەڭ،
ئىتىڭىزنى چاغ دېمەڭ!
مۇشۇگۇگىزنى پىش دېمەڭ!
ئېگىز يەرگە سەن چىقماڭ!
سىز ئايتقان سۆزۈگۈزنى
مەن ئۇ كۈندە ئۇنتۇدۇم،
ئۇلۇق سۇغا مەن بېرىپ،
بېشىمنى تاراپتۇمەن،
كەلسەم ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ،
بىر ئېگىزگە چىقىپتىمەن،
ئاندا چىقىپ قارىسام،
بىر يەردىن ئىس چىقىپتۇ،
ئۇ يەرگە مەن ئوتقا بارسام،
بىر يەتتى باشلىق يەلمۇگۇز،
پىت قېقىپ ئوتۇرۇپتۇ،
ئوتقا كەلدىم، مەن دېسەم،
تېزەككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ،
ئاغزىمغا تىشلىتىپ قويدى،
يېڭىمگە پىت قۇيۇپ بەردى،
سەن ئۆيىڭگە بارغىچا،
سەن مۇنى تۆكۈپ بارغىن!
مەن ئۆيۈمگە كەلگىچە،
ئۇ پىتنى تۆكۈپ كەلدىم،
ئازغان جىغان بولۇپتۇ،
ئۇ پىت ئۇنۇپ چىقىپتۇ،
قارىغۇ بولغان يەلمۇگۇز،
ئازغان جىغاننى تۇتۇپ،
كېلىپ ئۆيۈمنى تېپىپ،
كېلىپ مېنى ئىسىپ قويۇپ،
تاپىنىمدىن قېنىمنى
شورايدۇ بۇ يەلمۇگۇز،
مەن مۇنىڭ ئازەبىدا
يۇدەپ كېتىپ بارىمەن.

شىم تۆمۈر باتۇر ئايتتى: ئۇل يېتى باشلىق يەلمۇگىز يانا كېلەمدۇ؟ دېدى. سىڭىنىسى ئايتتى: بۇگۈن كېلىدۇ، دېدى. ئانداق بولسا، مەن بىر يەردە مۆكۈپ ئولتۇراي، ئۇل كېلىپ ئۆيگە كىرگەندىن كىن ئۆلتۇرەي! دېدى.

شىم تۆمۈر باتۇر مۆكۈپ ئولتۇردى، يېتى باشلىق يەلمۇگۇز كەلدى، ئېشىكتىن قىشقىردى:

شىم تۆمۈر ئۆيىدە بارمۇ؟
ئالا يورغىسى ئوقۇردا بارمۇ؟
پولات قىلىچى قولىدا بارمۇ؟

دېگەندىن كېيىن ئايتتى مەھتىم سىلە:

شىم تۆمۈر ئۆيىدە يوق،
ئالا يورغىسى ئوقۇردا يوق،
پولات قىلىچى قولىدا يوق.

يەلمۇگىز ئاندىن كىن ئايتتى:

ئۆيۈگدە ئادەم بار ئىكەن
بۇرنۇمغا ئادەم پۇرايدۇ.

ئاندىن كىن ئايتتى مەھتىم سىلە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاغام ئۆيدە يوق ئىكەن،
ئادەمدە ئۆيدە يوق ئىكەن،
ئاغامنىڭ ئېگىنى يۇدۇم،
ئىسى ئاندىن چىغايدىغاندۇ،
شۇ بۇرنۇڭغا پۇرايدىغاندۇ.

ئاندىن يەتتى باشلىق يەلمۇگۈز ئۆيگە كىردى. شىم تۆمۈر باتۇر ئارقىسىدىن كىرىپ يەتتى باشلىق يەلمۇگۈزنى چاپتى، ئالتى بېشىنى چېپىپ ئەتتى، بىر بېشى قېچىپ كەتتى، ئۇل يەردىن قاشقانچا بىر قارا كاپىرنىڭ شەھىرىگە باردى.

ئۇل شەھەرنىڭ پاتشاھى بىر كۈن دەريا بويىغا چىقىپ ئىدى، مەھتىم سىلەنىڭ ئېقىپ بارغان چېچى ئۇل يەردە چىقتى. ئېنى ئۇل پاتشا كۆرۈپ، شۇمداق چېچى بار قىز بولسا، ئالسام دېدى. بىر كىشى بۇ قىز كىم ئىكەنىن بىلمەپتۇ. بىر نەچچەن كۈندىن كىن يەتتى باشلىق يەلمۇگۈز ئۇ شەھەرگە قېچىپ يەتتى. پاتشانىڭ سۇرىغىنىڭ ئىشتىكىنىدە يەلمۇگۈز پاتشاغا باردى، ئايتتى: پالانى شەھەردە شىم تۆمۈر باتۇرنىڭ بىر سىڭىلىسى بار، تولا چىرايلىق ئوبدان، دەپ تېپىرىپ قىلىپ بەردى. پاتشا مۇندىن كىن شىم تۆمۈر باتۇرغا كىشى ئەۋەتتى: سىڭىلىسىنى ماڭا بەرسۇن! بەرمەسە لەشكەر بىلەن بېرىپ سوقۇشۇپ ئالىمەن، دېدى.

ئەۋەتكەن كىشىسى يېتىپ كەلدى، پاتشاھىنىڭ ئايتقان سۆزىنى ئايتتى: شىم تۆمۈر باتۇر ئايتتى:

مۇنداق قارا كاپىرغا
بېرىدىغان سىڭىلىم يوق،
بۇ كاپىردىن قورقمايمەن،
كاپىرنىڭ كۈچى يەتسە،
بۇ سىڭىلىمنى ئۇل ئالسۇن!
قانچى لەشكەرنى ئالسا،
سوقىشىپ ئالىپ كەلسۇن!
سوقىشقىچا چېغىم بار!

ئەۋەتكەن كىشىنى ياندى، پاتشاغا بېرىپ شىم تۆمۈر باتۇر ئايتقان سۆزلەرنى ئايتتى. شىم تۆمۈر باتۇر سىڭلىسىنى بەرمەيمەن دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ پاتشانىڭ ئاچچىغى كېلىپ لەشكەر يىغدى، شىم تۆمۈر باتۇرنىڭ شەھىرىگە يۈردى. شىم تۆمۈر باتۇر ئۇل كۈنى ئوغا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە بىر قۇش بار ئىدى، سىڭلىسىگە ئايتتى شىم تۆمۈر باتۇر: بېشىڭغا كۈن تۈشسە، قۇشنى قويۇپ ئېتىڭ مەن قاي يەردە بولسام، تېپىپ باردۇ، دەپ ئوغا كەتتى. شىم تۆمۈر باتۇر ئوغا كەتكەندىن كىن پاتشا لەشكرى بىلەن يېتىپ كەلدى. سىڭىلىسى ئۇل قۇشنى قويۇپ ئەتتى. مەھتىم سىلە ئۆزىنى ئەر كىشىدەك ياساپ قولىغا قىلىچ نايزا ئېلىپ ئاتقا مىنىپ لەشكەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇل لەشكەر بىلەن سوقىشتى، تولا خاخلارنى ئۆلتۈردى. قويۇپ ئەتكەن قۇش بېرىپ ئاغىسىغا خەبەر قىلدى. شىم تۆمۈر باتۇر يېتىپ كەلدى. سىڭىلىسى بىلە ئىكىسى سوقۇشۇپ لەشكەرنى قاچۇردى.



قاشقان ۋاقتا مەھتەم سىلەنىڭ تۆپەسى بېشىدىن تۇشۇپ كەتتى. پاتىشا ئېنى كۆرسە شىم تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭنىسى شۇ ئىكەنىنى بىلدى. پاتىشا چېرىگىگە ئايتتى: سىلەر ئىككى كىشىدىن نېمە قاچىسىلەر، قاشماقلار! سوقۇشقا ئۆزەم كىردىمەن، دېدى. ئاندىن كىن پاتىشا ئۆزى كىردى. شىم تۆمۈر باتۇر بىلەن نايىزا بازلىق قىلدى. گۈرەس بىلەن سوقۇشتى، بىر بىرسىنى ئېلىشالمىدى. سىڭنىسى بۇ ئىشلەرنى كۆرۈپ قورقتى. ئاغامغا گۈرەس تېگىپ خەيىپ بولمىسۇن. ئاغامداك بىر ئېرىنىڭ خېيىپ بولغىنىدىن مېنىڭدەك بىر قىز يېتىمنىڭ يوق بولغىنى ياخشى دېدى. ئاغام ئەمدى شۇ بۇ خۇيۇندىن يانغىن! مېنى شۇ بۇ كاپىرغا بەرگىن، دېدى. سىنىڭدەك بىر ئەر خېيىپ بولمىسۇن! سىڭنىسىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئايتتى: كىشى قىز يېتىم نېمە ئاسراپ باقارمۇ، دەپ سوقۇشتۇن ئېتىنىڭ بېشىنى تارتتى، يېنىپ ئۆيىگە تۇشتى. سىڭنىسىنى ئۇل پاتىشا ئېلىپ كەتتى. پاتىشا ئۆيىگە ئاپاردى. چوڭ توي قىلىپ ئالدى. ئارىدا بىر نەچچەن يىل ئۆتتى، ئۈچ بالا تاپتى. بىر كۈنى ئۇل شەھەردە بىر ماما بار ئىدى، مەھتەم سىلەنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇ ياقتىن بۇ ياقتىن سۆز قىلدى. سىز ئاغىڭىزدىن سېغىنمىدىڭىزمۇ، ئاغىڭىزنى كۆرگۈڭىز كەلمەمدۇ، دېدى. دېگەندىن كىن مەھتەم سىلە ئايتتى: ئاغامنى سېغىندىم. مېنى ئاغام بىلەن سوقۇشۇپ ئۇل يىقىلىپ بۇ ئېلىپ كەلگەن! ئېلىپ بېرىپ كۆرسەت دېگەنگە كۆرسەتمەيدۇ، دېدى. دېگەندىن كىن ماما ئايتتى: ئانداق بولسا پاتىشانىڭ بىر ئېتى بار، بۇ دەريەدىن شۇ ئۆتىدۇ، ئۆزگۈ ئات ئۆتەلمەيدۇ. بىر كۈنى پاتىشانى مەس قىلىپ قويۇپ شول ئاتنى مىنىپ قاشمامسىز؟ دېدى. مەھتەم سىلە ئايتتى: مەن پاتىشانى قايداق مەس قىلىمەن؟ دەپ سورىدى. دېگەندىن كىن ماما ئايتتى: پاتىشا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرسە، سىز يىغلاپ ئولتۇرۇڭ! نېمە يىغلايسەن دەپ سورىغاندىن كىن، سىز سۆز قىلماڭ! تولا سورىغاندىن كىن ئايتىڭ! سەن مېنى ئېلىپ كەلگىلى نەچچەن يىللار بولدى، ئۈش بالا تاپتۇق، شۇ ۋاقىتچا سەن يۇتۇڭنىڭ چوڭ كىچىگىنى ماڭا كۆرسەتمىدىڭ، دەڭ! ئاندىن پاتىشا يۇتنى چىللاپ ھاراق بېرۇر، سىز پاتىشاغا ھاراقنى تولا تۇتۇپ بېرىڭ! تولا ئىشكەندىن كىن مەس بولۇپ يىقىلۇر. ئاندىن كىن سىز قېچىپ كېتىڭ! دەپ ماما ئۆيىگە كەتتى.

بىر كۈنى پاتىشا مەھتەم سىلەنىڭ قېشىغا كىرسە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. پاتىشا نېمە يىغلايسەن دەپ سورىدى، سۆز قىلمىدى، تولا سورىغاندىن كىن ئايتتى: بىز ئۈش بالىنىڭ ئاتا ئانىسى بولدۇق، شۇ ۋاقىتچا سەن ماڭا يۇتۇڭنى كۆرسەتمىدىڭ. چوڭ كىچىگىنى مەن بىلمەيمەن، دېگەندىن كىن پاتىشا ئايتتى: شۇ ئىشكىمۇ يىغلايدىغانمۇ، يامدۇق قىلىڭ، مەن يۇتنى چىللاي! ئاندىن كىن كۆرۈسىز دېدى. يابدۇق قىلدى، پاتىشا يۇتنىڭ ھەممىسىنى چىللىدى، بولار يىغىشىپ كەلدى، يۇتنى مېمان قىلىپ ھاراق بەردى. مەھتەم سىلە پاتىشاغا ھاراقنى تولا تۇتۇپ بەردى، بەك مەس بولدى. بىر ۋاقىتىن كىن پاتىشا يىقىلدى، كەلگىن خاخلار كەتتى، ئاندىن كىن مەھتەم سىلە چىقىپ تۇمان كۆز يورغىنى مىنىپ، ئۇل دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتۈپ كەتكەندىن كىن پاتىشا يېنىنى باخسا خوتۇنى يوق. چىقىپ قارىسا دەريەدىن ئۆتۈپ باردۇ. پاتىشا قىچقىردى: مەھتەم سىلە شۇ بۇ خۇيۇڭدىن يانغىن! دېدى. ئۈچ بالامنى ئېلىپ چىق! شۇنى كۆرۈپ يانارمەنمىكىن، دېدى. ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ چىقتى، بالىسىنى كۆرۈپ خوتۇن ئايتتى: چوڭ بالامنى دەريىغا تاشلىغىن! شۇنۇ تۇتقىلى يانارمەنمىكىن، دېدى. پاتىشا چوڭ بالىسىنى دېرىيغا تاشلىدى، خوتۇن يانمىدى. ئەمدى ئىككىنچى بالامنى تاشلىغىن! شۇنى تۇتقىلى يانارمەنمىكىن. ئاناما يانمىدى. كىچىك بالامغا تولا ئامراق ئىدىم، مۇنى تاشلىغىن، مۇنى تۇتقىلى دانارمەنمىكىن، دېدى. ئۈچىنچى بالىسىنى دەريىغا تاشلىدى، مەھتەم سىلە يانمىدى، ئۇل پاتىشاغا ئايتتى: مېنىڭدىن ساڭا قالدىغان ئۈچ بالا ئىدى، ئۈچىلىسىنى دېرىيغا تاشلىدىڭ، ئاڭا يانمىدىم، سېنىڭدەك كاپىرغا ئەسلى يانارمەنمۇ؟ دەپ كەتتى. پاتىشا ئارقىسىدىن ئۇل يەردە يىغلاپ قالدى.

مەھتەم سىلە بىر نەچچەن كۈن يول يۈردى. بىر يەرگە كەلسە نۇرغۇن ئات بېقىپ يۈرۈپتۇ: بۇ كىمنىڭ ئېتى؟ دەپ سورىدى؛ باققان كىشىلەر شىم تۆمۈر قارىنغۇنىڭ ئېتى، دېدى. ئاندىن ئۆتۈپ يۈردى، بىر يەرگە بارسا قالا بېقىپ يۈرۈپتۇ، قالا باققان كىشىدىن سورىدى: بۇ كىمنىڭ كالىسى؟ دەپ. ئۇل ئايتتى: شىم تۆمۈر قارىنغۇنىڭ، دېدى. ئاندىن ئۆتۈپ يانا بىر يەرگە باردى، بارسا ئۇ يەردە قوي بېقىپ يۈرۈپتۇ. بۇ كىمنىڭ قويى؟ دەپ سورىدى. قوي باققان كىشى: شىم تۆمۈر قارىنغۇنىڭ، دېدى. مەھتەم سىلە سورىدى: شىم تۆمۈر قارىنغۇ نېمە بولۇپ، قارىنغۇ بولغان؟ قوي باققان كىشى ئايتتى: بىر سىڭنىسى بار ئىكەن، ئېنى بىر پاتىشا لەشكەر ئېلىپ كېلىپ، سوقىشىپ ئېلىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com







ئىكەن. سىڭىنسىنىڭ دەردىدە يىغلاپ، كۆزى قارىغۇ بولۇپ-تۇ، دېدى. مەھتىم سىلە سۇرىدى: نېمە يۇتىلارنىڭ ئىچىدە ناغرا قاناي چالىدۇ؟ دەپ سۇرىدى. ئۇل قويچى ئايىتتى: ئول شىم تۆمۈر قارىغۇ، خوتۇن ئالىدۇ، توي قىلىپ ياتىدۇ، شۇڭا ناغرا قاناي چالىدۇ، دېدى. ئاندىن كىن مەھتىم سىلە ئايىتتى:

قويۇڭنى مەن بېقىپ تۇراي!
شىم تۆمۈرگە سەن بارغىن،
بۇ ئالمىنى ئاپىرىپ،
شىم تۆمۈرگە سەن بەرگىن!
شىم تۆمۈرگە سەن ئايتقىن!
ئالماتۇنىڭ ئالمىسى،
مەھتىم سىلەنىڭ خالتىسى،
ئېلىپ كۆزىگە سۇرسىن!
ئاندىن كۆزى ئېچىلۇر.

ئاندىن كىن قويچى ئالمىنى ئېلىپ، شىم تۆمۈر قارىغۇ-نىڭ ئالدىغا باردى، ئالمىنى بەردى:

مەھتىم سىلە سىڭنىڭ
شۇبۇ ئالمىنى بەردى،
شىم تۆمۈرگە ئاپار! دەپ،
ئالماتۇنىڭ ئالمىسى
مەھتىم سىلەنىڭ خالتىسى،
بۇ ئالمىنى كۆزىگە
شىم تۆمۈر سۇرسىن دېدى،
ئاندىن كۆزى ئېچىلۇر.

شىم تۆمۈر ئالمىنى كۆزىگە سۇردى، كۆزى ئېچىلىپ ئىلگىرىدەك بولدى، ئاندىن: مەھتىم سىلە قايدا؟ دەپ سۇ-رىدى. ئۇل قويچى ئايىتتى: قوي بېقىپ قالدى، دېدى؛ ئۇل قويچى باشلاپ سىڭىنسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، كېلىپ سىڭنىسى بىلەن كۆرۈشتى، بىر بىرىگە بېشىغا كەلگەن ئىشلەرنى ئايتىپ، يىغلاشتى. ئاندىن كىن شىم تۆمۈر سىڭىنسىنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇل كۈنى توي قىلىپ خوتۇن ئالدى. شىم تۆمۈر باتۇرغا ئىكى خۇشاللىق ئىش بولدى، سىڭنىسى بىلەن كۆرۈشتى، خوتۇن ئالدى. بىر نەچەن يىل مەھتىم سىلە ئاغىسىنىڭ خىزمەتىدە يۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

تەييارلىغۇچى: **مۇختار مۇھەممەد**

# قارلىق ئويۇنى ۋە «قارلىقنامە»

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

بىزگە مەلۇمكى، «قارلىق ئويۇنى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئويۇن ھەر يىلى تۇنجى قار ياغقاندا ئوينىلىدۇ. خەلقىمىز ئەزەلدىن قارنى «خۇدانىڭ رەھمىتى»، «ئاللانىڭ ھەممەتى»، «يىلنىڭ ياخشى كېلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى» دەپ قاراپ، تۇنجى قار مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بۇ ئويۇننى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش، ئىناق-ئۆملۈكنى نامايان قىلىش، شۇنداقلا تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە تەبىئەتكە يېقىنلىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىپ كەلگەن. يازمىلاردىن مەلۇملىنىشىچە بۇ ئويۇننىڭ كونكرېت تەرتىپ ۋە ئالاھىدىلىكى 1. چوقۇم قارلىقنامە تاشلىنىشى شەرت؛ 2. پەقەت تۇنجى قار ياغقان كۈنى ئوينىلىشى شەرت؛ 3. ئويۇن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ سانى قارلىق تاشلاش مەسلىھەتكە قاتناشقانلارنىڭ تەلىپى بويىچە بەلگىلىنىشى شەرت؛ 4. ئويۇندا نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل، كۈلكە-چاقچاق ۋە تۈرلۈك قىزىقارلىق ئويۇنلار مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇلۇشى شەرت. بۇنىڭدىن باشقا ئويۇن داستىخىنىمۇ مۇۋاپىق ھالدا مولراق بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، قارلىق ئويۇننىڭ 1-ئالاھىدىلىكىدە دېيىلگەندەك چوقۇم قارلىقنامە تاشلىنىشى شەرت. روشەنكى «قارلىقنامە» خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرىدىكى تارىخى ئۇزاق قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، قوشاق، بېيىت، غەزەللەردەك مۇكەممەل شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزى خالىغان دائىرىدە قىزىقارلىق تىل، يارقىن ئىبارە ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جانلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بولغان ئىستىلىستىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن،

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا مەشرەپ باشلىدۇق.
بۇ ئويۇننىڭ خۇشلۇقىدىن.
سىزنى بولسۇن ‹باش› دېدۇق،
قورقسىڭىز ئويناشمىدۇق.

* * *

خالىقا ھەمدۇ ئېيتىپ ياغدۇردى قار،
رەھمىتى-پەزلىنى ئەيلەپ ئاشكار.
ئول كۈنى ئالەم ئارا قار ياغسىلەر،
بەزمە-مەشرەپ قىلمىقى لازىم بولار.
بەزمىنىڭ لازىملىقىن تەيىن ئېيتىپ.
بىر قوي، توققۇز توخۇ، تۆت خۇن ئانار.

* * *

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
يېڭى قارنىڭ خۇشلۇقىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.
قارلىق ئاپارغان كىشنى،
پەم بىلەن تۇتسىلا،
يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈپ،
ئالدىمىزغا كەلسىلە.

*   *   *

تۇنجى قارنى ياغدى دەپ،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقىدىن،
يالغۇز سىزنى تاللىدۇق.

*   *   *

تاپسىڭىز گۈل كەلتۈرۈڭ،
تاپالمىسىڭىز بىر باش پىياز.
تاپسىڭىز قوي ئۆلتۈرۈڭ،
تاپالمىسىڭىز چۈجە خوراز.

...............

قار يېغىپتۇ، قار يېغىپتۇ، قارلىق ئەتمەمدۇ كىشى،
جەم بولۇپ ئۆز دوستى بىرلە، مەشرەپ ئەتمەمدۇ كىشى.
نەغمىچى لازىم دېسە، دۇتار-راۋابنى تەقلىدۇق،
چىنە-چەينەك، سىنچاي بىلەن قەنت-گېزەكنى تەقلىدۇق.
خاسىيەتلىك قارنى قۇتلاپ، بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
كۆڭلىمىز بولغاچقا يېقىن، دوستلارغا «قارلىق» تاشلىدۇق.
ئۇشبۇ «قارلىق»نى ئېلىپ، كەتتى ۋەكىل ئاگاھ بولۇڭ،
ئالدىغا داستىخان سېلىپ، مەززە تىزىپ سىنچاي قويۇڭ.
ئۇزىتىپ چىققاندا ئۆيدىن سەپسېلىپ چىرايىغا،
ئارقىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاشقا سىز تەييار تۇرۇڭ.
يول ئېگىز-پەس، تېيىلغاق ھەم يىراق پەخەس بولۇڭ.
بولسا يار بۇ ئويۇننىڭ ياخشىراقى ئويلاپ قويۇڭ.
بۇ ئويۇننىڭ ئويۇننىڭ مەقسىتى قىزىقچىلىق،
تاتلىق-ئاچچىق ھەممىسى دوستلۇق ئۈچۈن بىلىپ قويۇڭ.
ئالمادىس ۋەكىلگە يولدا يېتەلمەي قالسىڭىز،
ئۇتتۇز ئوغۇل بارىمىز، كەچتە بوگۈن تەييار تۇرۇڭ.

...............

تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز،
ئايىماي ھەم كايىماي، ئۇچۇق چىراي كۈتۈپ تۇرۇڭ...

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «قارلىقنامە»نىڭ ھەممىسى مۇئەييەن شېئىرىي قۇرۇلمىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلغان بولۇپ، «قارلىق ئويۇنى»نىڭ كونكرېت باسقۇچ ۋە تەلەپلىرىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

دېمەك، تۇنجى قار ياغقان كۈنى، «قارلىق ئويۇنى» بىلەن كۆڭۈللەرنى شادلاندۇرۇش ئۈچۈن، «قارلىقنامە» تاشلاشنى پىلانلىغۇچىلار قايسى كىشى (مەھەللىدە قول ئىلكىدە بار كىشلەر)نىڭ ئۆيىگە «قارلىقنامە» تاشلاشنى مەسلىھەتلىشىپ، بىر-ئىككى كىشنى ۋەكىل قىلىپ، «قارلىقنامە»نى تۇتقۇزۇپ ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئوبيېكتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغۇچە، ئۇياق-بۇياقنىڭ گېپىنى قىلغاچ ئەپچىللىك بىلەن «قارلىقنامە»نى گىلەم ياكى داستىخاننىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، خوشلىشىپ يېنىپ چىقىدۇ. تالاغا چىقىپ ئاتقا مىنىپ بولۇپ، ئۆي ئىگىسىگە «خەت تاشلىدۇق، ئىزدەپ تېپىپ ئالغايلا» دەپلا ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ قاچىدۇ. «قارلىقنامە» تاشلانغۇچى دەرھال تېپىۋېلىپ، «قارلىقنامە» تاشلىغۇچىلارنى قوغلاپ تۇتۇۋالسا، «قارلىقنامە» تاشلىغۇچىلارنىڭ يۈزىگە قارا كۈيە سۈرتۈپ، جۇۋىنى تەتۈر كيدۈرۈپ، ئېشەك ياكى ئاتقا تەتۈر مىندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ «قارلىق ئويۇنى» ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا «قارلىقنامە» تاشلانغۇچى «قارلىق ئويۇنى»نى «قارلىقنامە»دىكى تەلەپ بويىچە ئۆزى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. «قارلىقنامە» تاشلاش ۋە «قارلىقنامە» تاشلىغۇچىلارنى قوغلاش ھەم قىزىقارلىق، ھەم كۆڭۈللۈك ئويۇن بولۇپ، كىشلەرنى قىزىقتۇرىدۇ. «قارلىق ئويۇنى» ئويناش ۋە «قارلىقنامە» يېزىشنىڭ مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا يەنى فىرىدۇن، دارا، جەمشىت، ئىسكەندەرلەر ئۆتكەن ئاشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، بۇ خىل ئويۇننىڭ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ مەدەنىي ھاياتىمىزنى تەسەۋۋۇرسىز گۈزەل ھاسىلاتلىرى بىلەن جانلاندۇرۇپ

كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىياللار بار. بىز يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى «قارلىقنامە» نى كۆرۈپ باقايلى.

...............

نىسار بولدى جاھانغا ئەبرو رەھمەت قار گەردۇندىن،
ئۇنىڭدەك كىم تولۇئە ئەتتى سائادەت سۇبھى شەبگۇندىن.
ئاقاردى دەھر ئىچى گويا بولۇپ كافۇرۇ گىردارى،
باھار ئەييامىدا باغ ئىچرە پۈتكەن مىسلى كۈلگۈندىن.
ئايا ئەھلى خىرەر بەزمە ئەيلىمەك، شوخلۇق قىلماق،
مۇغەننى لازىم ئولدى بەربەت، دۇتار، قالۇندىن.
كى دەۋران ئىشلىرى ئىچرە ۋەلى رەسىم بولدى بۇ ئايىن،
كى جەمشىت يۇ، ئىسكەندەر، شاھ دارا ۋە فىرىدۇندىن.
ۋەلى فەقىر ئەھلى ئۆز شەنىگە لايىق مەشرەپ ئەتمەكتۇر،
مالال بولغان كۆڭۈلنى شاد ئەتمەك ئۇشبۇ مەزمۇندىن.

...................

كۆڭۈل تۇتىسى قەيد بولدى ھاۋادىس سەيدىقە شۇدەم،
كى ئازاد ئەيلىمەك مەشرەپنى ئويناپ ئۇشبۇ تۇتقۇندىن.
مۇھەببەتتىن سىلەرگە قارنامە ئەيلىدۇق ئىرسال،
كى مەشرەپنى مەھىيا ئەيلىمەك ئاگاھ بولۇپ مۇندىن.
كىشىكىم ئۇشبۇ مەزمۇننى ئەمەل قىلماي، سىھىل تۇتسا،
جاھاندا كەم ئىرۇر مەردانىلەردىن بەلكى خاتۇندىن.

خۇلاسىلىگەندە، خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەينىكى ھېسابلانغان قارلىق ئويۇنى خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ سەمەرىلىك گۈل تاجى، خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىشنىڭ روشەن دەلىلى، خەلقىمىزنىڭ ئەزگۈلۈك ئىزدەش، ئۆم-ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ھايات دەقىقىلىرىنى ئەھمىيەتلىك مەنىۋى مەزمۇنلار بىلەن مەنە تاپقۇزۇش، بىر-بىرىنى قەدىرلەش، ئەل ئىچىگە سىڭگەن تۈرلۈك سەنئەت ئامىللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزلەمەس ئىپادىسى.

شۇڭا بۇ ئويۇننى ئەۋلادلىرىمىز ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

«قارلىقنامە»دىكى سۆزلەرگە ئىزاھات:

نىسار (پارس تىلى) چاچقان دېگەن مەنىدە.
ئەبىر (پارس تىلى) بۇلۇت دېگەن مەنىدە.
گەردۇن (پارس تىلى) ئاسمان دېگەن مەنىدە.
شەبگۇن (پارس تىلى) كېچە، قاراڭغۇ دېگەن مەنىدە.
دەھر (ئەرەب تىلى) زامان دېگەن مەنىدە.
ئەييام (ئەرەب تىلى)كۈنلەر دېگەن مەنىدە.
قالۇن (تۈركىي تىلى) بىر خىل چالغۇ ئەسۋاب دېگەن مەنىدە.
ئايىن (پارس تىلى) ئوخشاش، تەرىز، سۈرەت دېگەن مەنىدە.
ئىرسال (ئەرەب تىلى) ئەۋەتىش دېگەن مەنىدە.
سىھىل (ئەرەب تىلى) سەل قاراش دېگەن مەنىدە.
مەھىيا (ئەرەب تىلى) تەييارلانغان دېگەن مەنىدە.
ھاۋادىسە (ئەرەب تىلى) ھادىسە، خىيىم-خەتەر دېگەن مەنىدە.
خىرەر (پارس تىلى) ئەقىل-پاراسەت دېگەن مەنىدە.
كافۇر (تۈركىي تىلى) ئاق خۇش پۇراقلىق دورا دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە ئاق دېگەن مەنىدە كەلگەن.
گەردار (پارس تىلى) قىلىق دېگەن مەنىدە.
تولۇئە (ئەرەب تىلى) تۇققان، كۆتۈرۈلگەن دېگەن مەنىدە.
مۇغەننى (ئەرەب تىلى) سازەندە دېگەن مەنىدە.
بەربەت (پارس تىلى) تەمبۇر دېگەن مەنىدە.
قەيد (ئەرەب تىلى) باغلىنىپ قېلىش دېگەن مەنىدە.
سائادەت (ئەرەب تىلى) بەخت-سائادەت دېگەن مەنىدە.
مۇتلەق (ئەرەب تىلى) ئەركىن دېگەن مەنىدە.
مۇقەييەت (ئەرەب تىلى) مۇتلەقنىڭ قارشى مەنىسى دېگەن مەنىدە.


پايدىلانمىلار:
«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1988-يىلى 1-سان.
ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر».
«ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
تولۇقسىز 2-يىللىقلارنىڭ «تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكى»



(ئاپتور: توققۇز تارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇنگۈزەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەسەللەر

مۇھەممەت ئىمىن

## شىر پادىشاھنىڭ ئەپچىل تەدبىرى

شىر پادىشاھ قېرىپ، بۇرۇنقى چاغلاردىكى سەلتەنەت ۋە سۈر ـ ھەيۋىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر، ئوردىغا ئالۋاڭ ـ ياساق تاپشۇرىدىغانلارمۇ، سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كېلىدىغانلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. گەجگىسىنى ئېغىر غەم تېغى باسقان شىر پادىشاھنىڭ تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ تۈكلىرى تەتۈر ياندى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە جۈدەپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقىنىغا ئۆكۈنۈپ، چوغقا دەسسىۋالغاندەك تىپىرلاپ قالدى، ئەمدى بىر ئامال قىلمىسا ئالتۇن تەختىدە خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئوردا كېڭەشى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. كېڭەشتە دانىشمەن مەسلەھەتچى تۈلكىباي ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغان ئاجايىپ يېڭى بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، بۇ تەكلىپ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنىڭ، جۈملىدىن شىر پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك يېقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىر پادىشاھ دەرھال بىر پەرمان چىقىرىپ، نۆۋەتتە ئورمان مەملىكىتىدە باش كۆتۈرۈپ قالغان سوۋغا ـ سالام توشۇش قاتارلىق ناتوغرا كەيپىياتلارنى تەلتۆكۈس تۈگىتىدىغانلىقىنى، پەرماننىڭ ھەرقانداق بىر ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى ھەمدە پەرماننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەخسۇس نازارەتچىلىك ئەترىتى تەسىس قىلدى. ياش ۋە قاۋۇل قاۋاننى باش نازارەتچىلىككە، ئېيىق بىلەن بۆرىنى مۇئاۋىن نازارەتچىلىككە تەيىنلىدى، شۇنداقلا ئۇلارغا قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە تولۇق ھوقۇق بەردى.

راست دېگەندەك شىر پادىشاھنىڭ بۇ پەرمانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تېزلا ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، ئوردىغا سوۋغا ـ سالام كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. لېكىن شىر پادىشاھ بۇنىڭدىن ئانچە غەم قىلمۇ كەتمەي بەخىرامان يۈرۈۋەردى، بەدىنىگە ئاستا ـ ئاستا يەنە ئەت قونۇپ، تۈكلىرى قايتىدىن پارقىراشقا باشلىدى. چۈنكى نازارەتچىلەر قىرغاۋۇلنى «پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ ئوردا جىگدىلىكىدىكى بالىلىرىغا ھەر كۈنى دان، سۇ قاتارلىق سوۋغا ـ سالاملارنى توشۇغان»، «توشقاننى «توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان، قىرغاۋۇلنى پاش قىلمىغان» دېگەن گۇناھ بىلەن تۇتۇپ، شىر پادىشاھنىڭ ناشتىلىقىغا تاشلاپ بەرسە، جەرەننى «بۆرە بەگكە تۆھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلغان» دېگەن جىنايەت بىلەن قاماپ شىر پادىشاھنىڭ چۈشلۈك تامىقىغا بۇيرۇپ بېرەتتى. پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ كەچلىك تامىقىدىمۇ ئەلۋەتتە يۇقىرىقىدەك گۇناھ ـ جىنايەتلەر بىلەن تۇتۇپ كېلىنىپ جازالىنىدىغان بۇغا، كېيىك، ئارقار ياكى غاز، ئۆردەك ۋە ئۇلايلار كەم بولمايتتى. شىر پادىشاھ بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە نازارەتچىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي بۇرچىنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنى يەنە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مۇكاپاتلاپ تۇردى. شىر پادىشاھنىڭ بۇ ئەپچىل تەدبىرىدىن ئوبدان نەپ كۆرگەن نازارەتچىلەرمۇ ھاياجانلانغان ھالدا شىر پادىشاھنى «دانا شاھ»، «تەدبىرلىك خاقان» دەپ بىر ئېغىزدىن ماختاشتى.

## قاغا بىلەن سېغىزخان

سېغىزخان شاراق ـ شۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچقىنىچە ئېگىز قاپاق تېرەك شېخىدا يىغلامسىراپ ئولتۇرغان قاغىنىڭ يېنىغا كېلىپ قونۇۋېتىپ، ئەدەپ بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز، قاغا ئاكا؟ قارىسام، كۆڭلىڭىز بەكلا يېرىمدەك قىلىدىغۇ!

— شۇنداق، سېغىزخان خېنىم، مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولماي كىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى دەيسىز؟ — قاغا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى، — مەن ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئويغىنىمەن ـ دە، بىر كېچە يۈرەكنى مۇجۇپ چىققان زۇلمەت ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇش ئالدىدا تۇرغىنىمىزغا شۇنداق خۇش بولۇپ كېتىمەن، ئارقىدىن

خىرە-شىرە يورۇپ ئاستا-ئاستا قىزىل ئەتىرگۈل رەڭگىنى ئېلىپ، جەزىبدارلىق بىلەن چاقناشقا باشلىغان گۈزەل ئۈپۈققا قاراپ ھاياجىنىمنى باسالماي قالىمەن-دە، «قاق! قاق!» دەپ سايراپ سالىمەن. ئادەملەر بولسا خۇشاللىقىمغا ئورتاقلاشماي، ئەكسىچە بۇنى «شۇملۇقنىڭ ئالامىتى» دەپ بىلەمدۇ نېمە، مېنى تىللاپ-قارغىغىنىچە يىراق سەپەرگە ئاتلانغانلىرىمۇ، يېقىن ئەتراپتىكى بازارغا قاراپ يولغا چىققانلىرىمۇ يېرىم يولدىن يېنىپ كېلىپ، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ، بېشىنى چىلغ چۈمكەپ يېتىۋالىدۇ. راستىنى ئېيتسام، بۇ ماڭا تولىمۇ ھار كەلدى جۇمۇ، سېغىزخان!

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، قاغا ئاكا! — دېدى سېغىزخان چوڭقۇر ئۇيلانغان ھالدا ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا چۈشەنمەسلىكتىن بولۇۋاتىدۇ، مەنمۇ ئۆزۈمچە خۇشال بولۇپ ياكى ھەمراھلىرىمنى چاقىرماقچى بولۇپ سايراپ قويسامالا ئادەملەر مېنى سېغىزخان «خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتىدۇ»، «بۈگۈن جەزمەن بىر خۇشاللىق ئىش بار» دەپ چۈشىنىپ، ماڭا شۇ ھامان رەھمىتىنى، ئالقىشلىرىنى ياغدۇرۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىلەلمىگەن «خۇش خەۋەر» ياكى «خۇشاللىق ئىش»نى مەن نەدىن بىلەي» چۈنكى مەن كۈنبويى قورساقنى قانداق توقلاش غېمىدە پايپېتەك بولۇپلا يۈرىدىغان بىر قۇش، ھەرگىزمۇ ھەممىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان پالچى ياكى دانىشمەن ئەمەس-تە!

— شۇ ئەمەسمۇ! — قاغا ئىسسەدەشتىن توختاپ قانتى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — ناۋادا مېنىڭمۇ باشقىلارغا شۇملۇق ياكى بالايىئاپەت ئېلىپ كېلەلەيدىغان كارامىتىم بولغان بولسا ئاۋۋال لاچىن، قارچىغىلارنى قارغاپ كۆزدىن يوقاتقاسمىدىم؟! چۈنكى بىزنى تۇتۇۋالغان ھامان گۆشىمىزنى تىرىك تۇرغۇزۇپ چوقۇلاپ يەيدىغان بۇ رەھىمسىز قانخورلار بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىمىز-دە!

— دېگەنلىرىڭىز پۈتۈنلەي توغرا، قاغا ئاكا! — دېدى سېغىزخان قاغىنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، — نادانلارنىڭ ئەخمەقلىقىدىن خاپا بولۇپ ئازابلىنىپ، جاننى بىھۇدە ئۇپرىتىپ يۈرگەندىن كۆرە، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىگە پەرۋا قىلماي، ئۆز رايىمىز بويىچە ياشىغىنىمىز ھەممىدىن ياخشى ئەمەسمۇ!

## كەپتەر بىلەن كەپتەرۋاز

كەپتەرۋاز كەپتىرىنىڭ قانىتىنى بوغۇچلاۋېتىپ، دېدى:

— ئەي مېنىڭ جېنىمدىن ئەتىۋار كەپتىرىم، قارىغىنا ئاسمان نەقەدەر بىپايان، نەقەدەر سۈزۈك-ھە! بىراق سەن قانىتىڭنى بوغۇچلاپ قويغىنىمغا قاراپ، ئاشۇ زۇمرەتتەك كۆكتە خالىغىنىڭچە پەرۋاز قىلالمايدىغان بولدۇم دەپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! ئاسمان گۈزەل بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ باغرىغا نۇرغۇن خېيىم-خەتەرلەر يوشۇرۇنغان، لاچىن سېنى ھەر ۋاقىت پايلاپ تۇرىدۇ، ئۇ كۆككە ئۆرلىگىنىڭنى كۆرگەن ھامان ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ سېنى سوقۇۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن باغرىڭنى تىتما-كاتاڭ قىلىپ چوقۇلاپ، ھەممە ئەزايىڭنى قىزىل قانغا بوياپ يەۋېتىدۇ! ئويلاپ باققىنا، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال-ھە! مەن سېنى ھەقىقىي تۈردە ئاسرىغانلىقىم ئۈچۈن قانىتىڭنى ئالايىتەن بوغۇچلاپ قويۇۋاتىمەن، مانا مۇشۇ كەڭرى ھويلىدا خالىغىنىڭچە يورغىلايسەن، ئۇچقۇڭ كەلگەندە پالاق-پۇلۇق قىلىپ بىرەر مېتىر ئېگىزلىككە ئۆرلەپمۇ قويىسەن، ناۋادا ئوغرى مۈشۈك چاڭ سالماقچى بولسا ئەنە ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى تۆمۈر قەپەسكە غىپپىدە كىرىۋالىسەن-دە، ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋالىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئەزىز جېنىڭ ئامان قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەپەس ئىچىدە يەتكۈدەك تاتلىق دانمۇ، سۈزۈك سۇمۇ بار، قورسىقىڭ تويغىچە يەيسەن، ئىچىسەن، مۇشۇنداق غەم-غۇسسىسىز، خەۋپ-خەتەرسىز تۇرمۇش نەقەدەر راھەت-ھە!

كۆزلىرىدىن ئاچچىق ئەلەم ياشلىرى تامچىلاۋاتقان كەپتەر مىسكىن ئاۋازدا ئېيتتى:

— ئەي ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن شاپائەتلىك ئىگەم، ھىممىتىڭگە رەھمەت! ئەمما شۇنى ئويلاپ باقمىدىڭكى، قانىتى بوغۇچلانغان كەپتەرگە بۇنداق راھەتنىڭ نېمە كېرىكى؟! ئاشۇ بىپايان، زۇمرەتتەك ئاسماندا بىر قېتىم ئەركىن پەرۋاز قىلىۋالسامالا مېنى پايلاپ تۇرغان ئاچ كۆز لاچىنغا يەم بولۇپ كەتسەممۇ ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم!...

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا)

www.uyghurkitap.com



# ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەۋكەت ئىلاخۇن

چاقچاق — كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش مەقسىتىدە ئېيتىلىدىغان يۇمۇرىستىك گەپ-سۆزلەر بولۇپ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمىي تۈرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن چاقچاق ۋە چاقچاق ھەققىدىكى بەزى ئۇچۇرلارنى تاپالايمىز. مەسىلەن، تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە «كۈگ (Kug) — ھەر يىلى شەھەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرىدىغان ھەر خىل قىزىقچىلىق، كۈلكە» ①دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇيغۇر مىللىتى ناھايىتى كەڭ جايلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن چاقچاقلىرىدا بەلگىلىك پەرقلەر كېلىپ چىققان. ئوسمان ئىسمائىل تارىم «چاقچاقنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ھازىر جاۋابلىقتا، ھەجۋىيلىكتە، سۆز-مەزمۇنىنىڭ مەنتىقىلىقىدا ۋە (رەقىب) تەرەپلەرنىڭ سۆز ئىبارىلىرى ياكى پىكىر مەزمۇنىنىڭ بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ» ②دەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىمۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇمۇرىستىك، روھلۇق، قىزغىن، ئاق كۆڭۈل، مەردلىك خاراكتېرى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ماخمۇت مۇھەممەد «چاقچاقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا پەيدا بولىدىغان ئۇنۇملۇك ئىدىيەۋى تەربىيە ۋە ئېستېتىك زوق، كۈچلۈك كومېدىيەلىك تۈس ۋە شۇ ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن جاراڭلىق كۈلكىدىن ئىبارەت»③. شۇنداق، قارىماققا چاقچاقنىڭ مەقسىتى كۈلكە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنى ئويلاندۇرۇش، تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك-تۈمەن ھادىسىلەرگە بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەشتەك روللارنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئۆزىنىڭ روشەن، گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن باشقا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىدىن بەلگىلىك

دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەر ئىلى ئۇيغۇرلىرى ياشى-
غان ئۆزگىچە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن
كېلىپ چىققان. پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى كۆپ
خىللىق، كۆپ مەنبەلىكلىك خەلق چاقچاقلىرىدىمۇ ناھايى-
تى روشەن ئىپادىلەنگەن. چاقچاق ئالاھىدە بىر خىل تىل
سەنئىتى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىد-
نىڭ بىرى. بەلگىلىك بىر ئوي-پىكىر، ئىدىيەۋى مەزمۇن-
نى ئىپادىلەش چاقچاققا قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسىي تەلەپ-
لەرنىڭ بىرى. بۇ مەزمۇن چاقچاقتا يۇمۇرىستىك تىل ۋە
ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، چاقچاق مەزمۇنىنىڭ يۇ-
مۇرلۇق تىل ۋە ھەرىكەت بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ ئىپادى-
لىنىشى چاقچاقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدۇر. ئىلى
خەلق چاقچاقلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھى-
دىلىكلەرگە ئىگە:

(1) كۆڭۈل ئېچىش رولىغا ئىگە.

چاقچاقنى ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. چاقچاق ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئانچە كۆپ ئۇچرىمىغانلىقتىن ئۇ ناھايىتى تېز تارقىلىدۇ. ئۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا يېڭىلىنىدۇ، بېيىيدۇ، ئاغزاكى نۇتۇقى ياخشى، قىزىقچى كىشىلەرنىڭ تىلىدا ئۇ تېخىمۇ جانلىنىدۇ، كىشىلەرگە يېڭىدىن-يېڭى ئېستېتىك زوق ۋە ھەۋەسلەرنى بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى نامايان قىلىدۇ. چاقچاقتىن ھوزۇرلىنىش كىشىگە زور خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ئۆزى كۈلۈش بىلەن بىللە باشقىلارنى كۈلدۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر ماھارەت ھېسابلىنىدۇ، چاقچاقنى شادلىق بۇلىقى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئائىلىدە بىرەر قاملاشتۇرۇپ چاقچاق قىلىشنى بىلىدىغان بىرەرسى بولسا، ئائىلىۋى تۇرمۇش ناھايىتى كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ئۆتىدۇ. چۈنكى چاقچاق كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، سىلىقلاشتا بەلگىلىك ئىجابىي رولغا ئىگە. ئادەم ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدىكى مەيدانى، كۆز قارىشىنى رەسمىي، سۈرلۈك يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغاندىن كۆرە ئۇنى چاقچاق شەكلىدە ئېيتقاننىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. چاقچاق ئېيتقۇچىغىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكى بېغىشلايدۇ. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارمۇ خۇش چاقچاق، يۇمۇرىستىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. گۇل لىيۇ ئەپەندى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ 1982-يىلى خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «تېيىپجان شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا يازغان كىرىش سۆزىدە: «ئۇيغۇر نەسرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش ھەققىي خەلقنىڭ ۋەكىلىنى ياراتقان ئۇلۇغ مىللەت. نەسىردىن ئەپەندى جىنايەتكار ۋە ئادالەتسىز ئەكسىيەتچى سىنىپنىڭ بېشىدا ئوينىغان يۇمۇرلۇق قىلىقى، شۇنداقلا ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ دەشت-باياۋانىدا بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرغان شادلىق بۇلىقى»④ دەپ يازىدۇ. بىز نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ شادلىق بۇلىقىنى ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپالايمىز. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىچىدە ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ چاقچاق ئۇسلۇبىغا قارايدىغان بولساق، ھېكايىلىق چاقچاقلاردا دائىم ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى (ئايالى زىنۋەدىخان، ئوغلى ماخمۇتلارنى) تىلغا ئېلىپ، شۇلارنى بىر ئوبراز سۈپىتىدە تىپىكلەشتۈرۈپ تىلغا ئالىدۇ.

(2) روشەن مىللىي خاسلىققا ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئىلى خەلق چاقچاقلىرى روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھايات سەرگۈزەشتلىرى، ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىرىم-ئۇدۇملىرى، ئۆمۈر مۇراسىملىرى، بايرام پائالىيەتلىرى، مەشرەپ-ئايەملىرى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ياشاش مۇھىتى رامكىسىدا شەكىللەنگەن ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىلى خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىدىن بولغان مەشرەپ، چاي، ئولتۇرۇشلاردا ئېيتىلىپ، بېيىپ، يېڭىلىنىپ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي روھىنى نامايان قىلغان، ئەسئەت سۇلايمان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يۇمۇرىستىك خاراكتېرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدە «ئەگەر كىمدە كىم ‹ئۇيغۇرلاردا يۇمۇرلۇق خاراكتېر بارمۇ؟› دەپ سورىسا، بۇ خۇددى ئەرەبلەردىن، ‹سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدە قۇم بارمۇ؟› دەپ سورىغانلىقىدەك بىر ئىش بولىدۇ»⑤ دەيدۇ. دېمەك، «ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا يۇمۇرلۇق خاراكتېر بارمۇ؟» دەپ سوراش ئارتۇقچە ئىش. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇشۇنداق روھلۇق، تېتىك، خۇش چاقچاق، كەڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قورساق، سۆزمەن بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى يۇمۇرىستىك تۇيغۇنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولغان. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىلى خەلقىنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچە تەرەپلەرنى روشەن نامايان قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق؟ «ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك، باتۇر، روھلۇق، تېتىك، خۇش چاقچاق، كەڭ قورساق، سۆزمەن، يۇمۇرغا باي، پاكىز تەبىئەتلىك، ئېلىم- بېرىمغا ماھىر، مېھماندوست، سالام- سەھەتلىك، يۈرۈش- تۇرۇشى رەتلىك ۋە سالاپەتلىك، ناخشا- مۇزىكىغا ھېرىسمەن، مەدەنىيەت سۆيەر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ»⑥. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىدا ئىلى خەلقىنىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىدا ئىلى شېۋىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئاڭلاشقىلا ئۇنىڭ ئىلى خەلق چاقچىقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىدا بەزى رۇسچە سۆزلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئىلى خەلقىنىڭ بىر مەزگىل رۇس مىللىتى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىدىندۇر. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىدا، بولۇپمۇ ھېكايىلىك چاقچاق ۋە لەتىپىلەردە ئىلىدىكى يەر- جاي ناملىرى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇمۇ ئىلى خەلق چاقچاقلىرىدىكى روشەن رايون ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىدا سىنىغا ئېلىنغان چاقچاق سورۇنلىرىنىڭ پىلاستىنكىلىرىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى، ھويلا- ئاراملىرى، مېھمان كۈتۈش ئادەتلىرى، كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. باشقا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە چاقچاقچىلار جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس ئوبراز تىكلەپ، چاقچاقچىلىق كەسپىلەشكەن، بەزى كەسپىي چاقچاقچىلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار توي- تۆكۈن، مەسلىھەت چاي، مەشرەپ ۋە نورۇز پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ چاقچاق، لەتىپىلىرىنى ئېيتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نامى يىراق- يېقىنغا تاراپ، چاقچاقچى نامى بىلەن ئاتالغان ۋە ئەل ئىچىدە شۆھرەت تاپقان.

(3) كىشىلەرنى تەربىيەلەش ئۇنۇمى يۇقىرى.

خەلق ئارىسىدا «چاقچاقنىڭ يېرىمى راست» دەيدىغان گەپ بار. چاقچاقتىن چىققان كۈلكە ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ بىكاردىن بىكار مەنىسىز ھىجىيىشى ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر مەسىلە ناھايىتى يۇمۇرىستىك تۈستە بايان قىلىنغانلىقتىن كېلىپ چىققىدىغان مەنىلىك ئىپادە. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىمۇ يۇمۇرىستىك تىل ۋە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەر خىل بولمىغۇر قىلىق، ناچار خاھىشلارنى، ئەدەپ- ئەخلاق ۋە مىللىي ئەنئەنىگە يات قىلمىشلارنى تەنقىدلەپ، كىشىلەرنى توغرا يولدا مېڭىشقا ئۈندەيدۇ. ھەمدە بەزى كىشىلەردىكى نادانلىق، قىزىل كۆزلۈك، ئەخمەقلىق، كۆرەلمەسلىك، مەنمەنچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، خەسىسلىك، تەخسىكەشلىك، ساختىپەزلىك، ئىچى يامانلىق، چېقىمچىلىق، قىتىغۇرلۇق ... قاتارلىق تۈرلۈك ئىللەتلەرنى ئۆتكۈر تىل بىلەن قامچىلايدۇ، ھەر خىل زامانىۋى تاراتقۇلارنىڭ تەسىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ داستان، چۆچەك، ئەپسانە- رىۋايەت قاتارلىق بەزى تۈرلىرى بارا- بارا كۈندىلىك تۇرمۇشتىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان خەلق چاقچاقلىرى يەنە ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىنىپ، يەنىلا خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ بارماقتا. زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى بەيگىگە چۈشكەن ئۇچۇر دەۋرىدىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. «ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۇ قانچىلىك زۆرۈر بولسا، كۆڭۈل ئاغرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈلكىمۇ شۇنچىلىك زۆرۈر بولىدۇ»⑦. ئەسىر- ئەسىرلەردىن بېرى چاقچاقلارنىڭ يوقاپ كەتمەستىن داۋاملىشىشىنىڭ سىرى شۇكى، ئۇ خەلقنى كۈلدۈرىدۇ. چاقچاق سورۇنىدا كىشىلەر يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا بەلگىلىك ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيەسىگىمۇ ئېرىشىدۇ، سورۇندا بەلگىلىك ئەدەپ - قائىدىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. سورۇندا خەلقنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مىللىي قائىدە- يوسۇنلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، چاقچاقچىلار سورۇندا ئولتۇرغاندا ئورۇن تەرتىپىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتۈۋالمايدۇ. ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە ئىنچىكە، نازۇك مەسىلىلەرنى بايقاشقا ھەمدە ئۇنى يۇمۇرىستىك تىللار بىلەن بايان قىلىشقا ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ. چاقچاقلارنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولۇپ، بىرەر كىشى چاقچاقتا تىلغا ئېلىنغان مەلۇم بىر ناچار ئادەت ياكى

مەسىلىنىڭ ئۆزىدە بارلىقىنى بىلىپ يەتسە، كېيىن باشقىلار-
نىڭ چاقچاق تېمىسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن
شۇ ئادەتنى ياكى شۇ خاتالىقنى قايتا تەكرارلىمايدۇ، قايتا
سادىر قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

(4) ئىلى خەلق چاقچاقلىرى شەكلى ھەر خىل، مەز-
مۇنى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ شەكلى كۆپ خىل
بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن ھۇجۇم قىلىش شەكلى، لەقەملىك
چاقچاق شەكلى، ماقال-تەمسىللىك چاقچاق شەكلى، ھېكا-
يىلىق چاقچاق شەكلى، قاپىيەلىك چاقچاق شەكلى... قاتار-
لىقلار بار. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مۇئەييەن قېلىپلاش-
قان شەكلى يوق. نەسرىي شەكىلدىكى چاقچاقلارمۇ، شېئى-
رىي شەكىلدىكى چاقچاقلارمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. چاق-
چاقلار مىكرو ھېكايە شەكلى ۋە دىيالوگ شەكلىدە، بەزى-
دە بۇ ھەر ئىككى خىل شەكىل ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن
ھالەتتە بولىدۇ. چاقچاقلارنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولغاچ-
قا، چاقچاقچىلارنىڭ سۆز قابىلىيىتى چەكلىمىگە ئۇچرىماي-
دۇ. دىيالوگ شەكىلدىكى چاقچاقلار خەلق تەرىپىدىن نا-
ھايىتى قارشى ئېلىنماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ خىل-
دىكى چاقچاقلار چاچما چاقچاقتا ئەڭ ياخشى ئىپادىسىنى
تاپقان بولۇپ، چاقچاقچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلى-
دىغان ياخشى پۇرسەت. دىيالوگ شەكىلدىكى چاقچاقلاردا

ھازىر جاۋابلىق ناھايىتى مۇھىم. «ھازىر جاۋابلىق— چاق-
چاقتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. چاقچاق—
چاقچاق بولۇۋاتقان ئاشۇ سورۇندا، نەق مەيداننىڭ ئۆزى-
دە چاقچاق ئوبيېكتىغا ئاساسەن ئىجاد قىلىنىدىغان نەرسە
بولغاچقا، ئۇنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئالدىن توقۇۋالغىلى بول-
مايدۇ، ئۇنى شۇ سورۇن ۋە شۇ سورۇندىكى ئادەملەرگە
ماسلاشتۇرۇپ قىلمىسا كىشىلەرنىڭ تەبئىي كۈلكىسىنى
قوزغىيالمايدۇ، شۇنداق بولغاچقا چاقچاقچىلار ئۆزى ئول-
تۇرغان شۇ سورۇن ۋە شۇ يەردىكى ئادەملەرگە قارىتا
ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى، مەسىلەن، لەقىمىنى
ياكى شۇ مەيداندا قىلىپ سالغان بىرەر ئېغىز ئەخمىقانە
گەپلىرىنى چاقچاقنىڭ تېمىسى قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق
ئۇستىلىق بىلەن چاقچاق باشلايدۇ» ⑧. ئىلى چاقچاق
سورۇنلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتقان دىيالوگ شەكلى-
دىكى چاقچاقلاردىن چاچما چاقچاق، پاس بېرىش شەكلى-
دىكى چاقچاق، تەرجىمە چاقچاقلار بار بولۇپ، بۇ شەكىل-
دىكى چاقچاقلار ئەل ئارىسىدا كەڭرى تارقالغان، لەتىپە،
يۇمۇرلار، تەقلىدىي چاقچاق ۋە ئايلانما شەكىلدىكى چاق-
چاقلار نەسرىي شەكىلدە، شېئىرىي چاقچاق ۋە بەزى
سۆز ئويۇنلىرى شېئىرىي شەكىلدە بولىدۇ. كۆپلىگەن چاق-
چاقلاردا ئوخشىتىش ۋاستىسى كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن،
بەزى «چاقچاق قىلماق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ئوخشاتماق» دېگەن سۆزمۇ تەڭداش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر مۇھىم ھالقا — چاقچاق سورۇنى. ئىلى رايونىدا ئەزەلدىن چاقچاق ۋە چاقچاقچىلارغا ھازىرلانغان سورۇن باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى بولغان» ⑨. چاقچاقلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى قىزىدارلىق گەپ-سۆزلىرىدىن پەرقلىنىپ ئالاھىدە بىر خىل سورۇن، مەيدان ۋە كەسىپ ئەھلى ھاسىل قىلالىشىدا چاقچاقنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان ئىلى خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ سېخىيلىق بىلەن كەڭ ئېچىلغان سورۇن-داستىخانلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. چاقچاقلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. چاقچاقلاردا يەر يۈزىنىڭ پاراڭلىرى ھەممىسى بولىدۇ. پاراڭنىڭ مەركىزىي تېمىلىرى ئاساسەن كىشىلىك مۇناسىۋەتنى چۆرىدىگەن بولسىمۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تۇرمۇشى، ئارزۇ-ئارمان، ئىنتىلىشلىرى، غەم-قايغۇسى، دەرد-ھەسرەتلىرىمۇ ئوخشىمىغان شەكىللەردە چاقچاقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنىڭ قېنىشى، مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي ئېھتىياجدىن بەكرەك مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى كۆپرەك ئويلىشىدىغان، ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ چاقچاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتىگە بولغان تەلەپلىرىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ باردى. بەزى كىشىلەردە ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن توي-تۆكۈن، چاي ۋە مەشرەپلەرگە داڭلىق چاقچاقچىلارنى چاقىرىشنى ئۆزىنىڭ نام-ئابرۇيى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە چۈشىنىلىدۇ ھەم شۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. دەۋرنىڭ، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىپ ھالدا چاقچاقلارنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ بېرىپ بارىدۇ. بەزى چاقچاقلار ئۇزاق مەزگىللەرگىچە سورۇن-سورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان چاقچاقچىلار تەرىپىدىن ئېيتىلىپ، ئۇزاق مەزگىللەرگىچە خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. بەزى چاقچاقلار بىر قېتىم ئېيتىلىش بىلەنلا قايتا ئېيتىلمايدۇ، ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە چاقچاقنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتىنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىش-كەلمەسلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ئىچىدە باشقىلارنىڭ چاقچاقلىرىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ ئىجادچىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ. باشقىلارنىڭكىنى «مېنىڭكى» دەپ سۆزلەشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تەرەپ شۇكى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا چاقچاقچىلارغا ئۆرۈم بېرىش ئەنئەنىسى بار. بۇرۇنقى زامانلاردا چاقچاقچىلارغا بۇغداي، قوناق ... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆرۈم سۈپىتىدە بېرىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆرۈم ئاساسەن پۇلغا مەركەزلەشتى. ئۆرۈمنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چاقچاقچىلارغا ئىلھام بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش، سورۇن كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئۆرۈم چاقچاق سورۇنلىرىنىڭ سىجىل داۋاملىشىشى، يېڭى-يېڭى چاقچاقلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنىڭ زور كاپالىتى، چاقچاقچىلارغا ئۆرۈم بېرىش ئادىتى باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىدا كۆپ ئۇچرىمايدۇ ياكى ئۇنچە گەۋدىلىك ئەمەس.

ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ فولكلورلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلاردا ئىلى خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان تىلدا ساقلىنىپ قالغان ۋە داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخ ئۇچۇرلىرى، مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئەدەپ-ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، قىممەت قاراش، يەرلىك بىلىم ۋە ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى بار. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئۇ چاقچاق سورۇنى، چاقچاقچى ۋە تاماشىبىنلاردىن ئىبارەت ئامىللارنىڭ دەرقەملىكىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. چاقچاقلارنىڭ ئاغزاكىلىقى ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا چاقچاقلارنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇشقا، ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك. چاقچاقلار مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي روھنىڭ ئۇزاق تارىخ ئېقىنلىرىدا ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىشىغا زور تۆھپە قوشقان. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مەسىلىلىرى بولىدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ماھىيەتتە ئوخشاش بەزى مەسىلە-

لەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدا بەلگىلىك پەرقلەر، ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ. بۇ شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ خەلق چاقچاقلىرىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىمۇ ئىلى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىدە بىر خىل دەۋر روھىنى ئىپادىلىگەن. كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش. شۇنىڭدەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان چاقچاقلارنىڭ مەنبەسىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتۇر. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىمۇ مەزمۇن جەھەتتىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى چوڭ ئىش، مۇھىم ۋەقەلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ مەنبەسى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتى، مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان. كۈلكە — چاقچاقنىڭ جېنى. كۈلكىسىز چاقچاق بولمايدۇ. كۈلكە — ئېستېتىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا چاقچاقچىلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ۋەقە-ھادىسىلەرنى، ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلىشتا ئۇنى ئەينەن خەۋەر تەرىقىسىدە بايان قىلماستىن، ئۆزىنىڭ ئېڭىدا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭغا بەلگىلىك يۇمۇرىستىك تۈس قوشۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەيدۇ. چاقچاقتىن كېلىپ چىققان كۈلكىلەر كىشىنىڭ تۇرمۇش بېسىمى، غەشلىك، دىشۋارچىلىق، مەيۈسلۈك، غەم-ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى، خۇشال كەيپىيات بېغىشلايدۇ. چاقچاقتا قىزىقارلىق گەپ-سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش مەقسەت قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭدا بەلگىلىك ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنداق ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياخشىلىق، گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن چاقچاقچىدا بەلگىلىك جۈرئەت، جاسارەت بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. چاقچاقلاردا كىنايە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ، ئەمما ئۇ «تەنە، كىنايە» ئەمەس. چاقچاق بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدىكى پائالىيەت بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر چاقچاق سورۇنىدا باشقىلار ئۆزىنىڭ بەزى ئالاھىدە تەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ چاقچاق قىلسىمۇ كىشىلەر بۇنىڭدىن قەتئىي رەنجىمەيدۇ، بۇ شۇ كىشىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى جەلپ قىلىش كۈچى زور سەنئەت. چاقچاقتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىش، چاقچاقلارنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش، شۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ خاراكتېردىكى ناچار، پاسسىپ ئامىللارنى، تەرەققىيات، يۈكسىلىش ۋە تاكامۇللىشىشقا توسالغۇ بولىدىغان سەلبىي تەرەپلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، مىللىي خاراكتېرنى ساپلاشتۇرۇش، ساغلام ئىجتىمائىي كەيپىيات، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەردىن بىرىدۇر.

ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 3-توم، 180-بەت.

② ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل نەشرى، 393-بەت.

③ ماخمۇت مۇھەممەد: «ھېسام چاقچاقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 5-بەت.

④ مۇھەممەد شاۋۇدۇن: «قەدىمكى شائىرلارنىڭ لەتىپە-چاقچاقلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2009-يىل 1-سان، 45-بەت.

⑤ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يۇمۇرىستىك خاراكتېرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1993-يىل 2-سان، 27-بەت.

⑥ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 230-بەت.

⑦ [سوۋېت ئىتتىپاقى] ز. ئىگەمبەردىيېف: «سىرلىق ئالەم» (نامىلىق توپلام)، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى، 73-بەت.

⑧ غۇنچەم قادىر: «ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ھازىر جاۋابلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2009-يىل 2-سان، 6-بەت.

⑨ رەيھانئاي مامۇت: «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2012-يىل 2-سان، 19-بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# تەرجىمە تەھرىرلىكىدىكى قوللىنىشچانلىقى

**ئىبادەت ئىسمايىل**

زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ كۈنسايىن تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كومپيۇتېر دەۋرىمىزدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ۋە تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورالغا ئايلىنىپ بارماقتا. نۆۋەتتە كومپيۇتېر ساھەسىدىكى قابىللارنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە ئۇيغۇر يېزىقىمۇ كومپيۇتېر سىستېمىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاز بولمىغان مەشغۇلاتلارنى كومپيۇتېردا ئوتتۇرۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، تەرجىمە، تەھرىرلىك خىزمىتىگە زور دەرىجىدە قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان يۇمشاق دېتاللارمۇ مەيدانغا كېلىپ، نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن نوقۇل ھالدا قەغەز يۈزىگە بوياش ئارقىلىق ئەسەر تەھرىرلەيدىغان ئۇسۇلغا خىرىس پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ ھەرگىزمۇ «قەغەز يۈزىگە بوياپ ئۆزگەرتىشتەك تەھرىرلىك ئۇسۇللىرى كونا ياكى قالاق، دەۋرگە ماس كەلمەيدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت ئەنئەنىۋى مۇھەررىرلىك خىزمەت ئۇسۇلىغا كومپيۇتېردىكى ئالاقىدار تېخنىكا ۋە ماھارەتلەرنى ياردەمچى سۈپىتىدە قوللانغاندا، سەرپ قىلىدىغان ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچنى زور دەرىجىدە تېجەپ قالغىلى، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

بىرىنچى، ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى تېپىش ۋە ماس ھالدا پايدىلىنىش — بۈگۈنكى كۈندە كومپيۇتېرنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ زور پايدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى تەرجىمە تەھرىرلىكىدە قوللانغاندا، تەرجىمە داۋامىدا مەنە، ئۇقۇم ئېنىقسىزلىقى كۆرۈلگەن ياكى ئىپادىلەشتە خاتا كېتىپ قالغان سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ تۈزەتكىلى بولىدۇ. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەملەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى، ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئارىسىدا مەدەنىيەت پەرقى ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە، نۆۋەتتە ئەسەرلەردىكى ئاز بولمىغان سۆز-ئىبارىلەرنىڭ دەل ۋە توغرا بولغان تەرجىمە ئاتالغۇسىنى تېپىش تەس. بۇ ھال ئېنىقكى تەرجىمانغا ۋە مۇھەررىرگە بەلگىلىك قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرجىمە تەھرىرلىكى داۋامىدا ئەڭ كۆپ زېھنىي كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغان قىيىن نۇقتىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىسالغا ئالساق، تەرجىمە تەھرىرلىكى خىزمىتى داۋامىدا، خەنزۇچە «环法赛» دېگەن بىر ئاتالغۇغا يولۇقۇپ قالدىم. بۇ ئاتالغۇنىڭ بېكىتىلگەن تەرجىمىسىنى ھازىر ئىشلىتىۋاتقان ئاساسلىق لۇغەتلەردىنمۇ تاپقىلى بولمىدى. ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئايرىم-ئايرىم تەھلىل قىلغاندا «ئايلان-

ما ئۇسۇلدىكى مۇسابىقە» ياكى «ھالقىسمان ئۇسۇلدىكى مۇسابىقە» دېگەندەك مەنىلەرگە يېقىنراق كېلەتتى. ئەمما بۇنى يۇقىرىقىدەك جەزملەشتۈرۈۋېتىشكە تېخى بالدۇر ئىدى. بۇنى ئۆزۈم ياخشى ئۆتىدىغان خەنزۇ زىيالىيلاردىن سوراپ باقتىم، ئەپسۇس ئۇلارمۇ باش چايقاپ، ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتالغۇنى ئىنتېرنېت تورىدىن ئىزدەپ كۆردۈم، تېپىلدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى تەپسىلىي قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلىدە «ۋېلىسىپىت مىنىپ فىرانسىيەنى كېزىش مۇسابىقىسى»نى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنتېرنېت تورىنى غايەت زور قامۇس دېيىشكە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئاتالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، مەنە ئۆزگىرىش جەريانلىرى، ھازىرقى ئىپادىلەيدىغان مەنىسى قاتارلىقلار تەپسىلىي شەرھلەپ كۆرسىتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرئىتىمۇ كۇتۇپخانا ئارىلاش لۇغەت ئاختۇرۇشقا قارىغاندا ناھايىتى تېز بولىدۇ، ھەممىلىگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلىدىكى خىمىيەلىك ماددىلار، فىزىكىلىق ھادىسىلەر، تېبابەتكە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر تىلىغا چەت ئەل تىللىرىدىن، بولۇپمۇ رۇس تىلىدىن كۆپرەك كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئالاقىدار لۇغەت، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىغا تەپسىلىي قاراپ چىققىنىمىزدا، پەن-تېخنىكىغا دائىر ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بىۋاسىتە كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىرىنىڭ تولىمۇ ئاز ساندىكى ۋە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر ئىكەنلىكىنى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئاتالغۇلار، سۆزلەملەرنىڭ تېخى لۇغەتلىرىمىزگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ئەھۋالدا ئىنتېرنېت تورىدىن شۇ سۆزلەرنىڭ چەت ئەل تىلىدىكى ئاتالغۇسىنى، ئۇنىڭ يېقىنراق كېلىدىغان ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى تېپىپ چىقالايمىز.

يەر-جاي ناملىرى، كىشى ئىسىملىرى قاتارلىق خاس ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا، قائىدە بويىچە بۇرۇندىن قېلىپلىشىپ كەتكەن ئاتالغۇلاردىن باشقىلىرىنى ئەسلىي مەنبە ھېسابلانغان تىلدىكى ئاھاڭى ياكى يېزىلىش قائىدىسى بويىچە تەرجىمە قىلىش زۆرۈر. مەسىلەن، «泰国»، «纽约»، «埃及» دېگەن يەر ناملىرى خەنزۇچىدىكى ئاھاڭى بويىچە ئېلىنماستىن، بەلكى «تايلاند»، «نيۇيورك»، «مىسىر» دېگەندەك ئەينى تىلىدىكى ئاھاڭى بويىچە ئېلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئاتالغۇلار كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، قېلىپلاشقان ئاتالغۇلار دائىرىسىگە كىرىدۇ، بۇخىل ئاتالغۇلارنى لۇغەتتىن تېپىشمۇ تەسكە چۈشمەيدۇ. ئەمما دەۋرىمىزدىكى تەرجىمە خىزمىتى داۋامىدا يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا ناھايىتى كىچىك دائىرىدە ھېسابلىنىدىغان، تونۇلمىغان يەر ناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھەننىۋاسىنى لۇغەتتىن ئاختۇرۇپ تېپىش تەس. بۇ خىل ئەھۋالدا، «ئەسلىي مەنبە تىلغا سادىق بولۇش» تەك تەرجىمە قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش تەرجىمان ۋە تەرجىمە ئەسەر مۇھەررىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا زور ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك مەتبۇئات، گېزىت-ژۇرناللار، رادىيو-تېلېۋىزىيەلەردە «تيەنجۇڭ يىلاڭ»، «گۇاڭداۋ ئارىلى»، «جىن شىشەن»، «يېلۇ ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇ تەرجىمىلىرى ئۇچراپ قالىدۇ. يۇقىرىقى قائىدە بويىچە، بۇ ئاتالغۇلارنى «تاناكا ئىچىرو»، «خىروشىما ئارىلى»، «كىم خيۇسوڭ»، «يالې ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئېلىش كېرەك ئىدى. تەرجىمە تەھرىرلىكى خىزمىتىدە بۇ چاغدا بىز ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، يۇقىرىقىدەك ناتونۇش خاس ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىي تىلدىكى ئاتالغۇسىنى ياكى خەلقئارادا ئومۇملاشقان ئاتالغۇسىنى ناھايىتى تېز ۋە ئاسان تېپىپ چىقالايمىز. ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچىتىن ئۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى تەرجىمىنىڭ قائىدىسىگىمۇ بويسۇنغان، توغرىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغان بولىمىز. بۇ ئۇسۇل مەيلى ئەدەبىي ئەسەر تەھرىرلىكى ياكى پەن-تېخنىكىغا دائىر ماقالە - ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن ئوخشاشلا ناھايىتى ئەسقاتىدىغان ئۇسۇلدۇر.

ئىككىنچىدىن، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى شەكلىدە تەييارلانغان لۇغەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق لۇغەت ئاختۇرۇش، ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كومپيۇتېر ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىزدىنىشى، تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ھازىرغىچە تىل-يېزىقنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ساھەلەردىكى كەسپىي ئاتالغۇلار لۇغەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن لۇغەت يۇمشاق دېتاللىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە خىزمەتلىرىمىزگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇپمۇ تەرجىمە تەھرىرلىكى خىزمىتىگە زور قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان قۇتلۇق ئىش. بۇ جەھەتتە «ئۇيغۇر سوفت چولك لۇغىتى» قاتارلىق لۇغەت يۇمشاق دېتاللىرىنى تەۋسىيە قىلىشقا بولىدۇ. كومپيۇتېر تېزلىكتە ئومۇملىشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بەزى تەرجىمان ياكى تەرجىمە مۇھەررىرلىرى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن لۇغەت كىتابلاردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ قالغانلىقتىن، نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى قايتا-قايتا ئېرىنمەي لۇغەت ئاختۇرۇپ جەزملەشتۈرۈپ كەلمەكتە. بۇ خىل ئەستايىدىللىق روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ، ئەمما بىز يەنە مۇنداق بىر ھېسابنىمۇ قىلىپ كۆرۈشىمىز كېرەك: ئادەتتە لۇغەت ئاختۇرۇپ 40 سېكۇنتتىن ئىككى مىنۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا تاپقىلى بولىدىغان ئوخشاش بىر سۆز-ئاتالغۇنى كومپيۇتېردىكى لۇغەتتىن ئىزدەپ تېپىشقا بەش سېكۇنتتىن 15 سېكۇنتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ مەلۇم تەتقىقات ئورگىنىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن، پەقەت ئۆزۈم كۆپ قېتىم سىناق قىلىپ ھېسابلاپ كۆرگەن.

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان لۇغەتتىن سۆز-ئىبارىلەرنى تېپىشتا پەقەت تەرجىمە ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، نۇرغۇن سەۋەبلەرگە كۆرە، ھازىرغىچە مەيدانغا كەلگەن خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەردە ئىملا خاتالىقىدىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا ئېلېكترونلۇق لۇغەتتىن پايدىلىنىپ تاپقان سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەندە ئىملاسىنى توغرىلاپ ئىشلىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر.

ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ياكى خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتلەردىن تاشقىرى، يەنە خەنزۇچە نەشرىدىكى چەت ئەل تىلى لۇغەتلىرىدىن مۇۋاپىق تۈردە پايدىلىنىشمۇ تەرجىمە تەھرىرلىكى داۋامىدا ناھايىتى ئەسقاتىدىغان ياردەمچىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەسەرنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى تەمىنلەپ بېرىلگەن ئەھۋالدا، ئۇنى كومپيۇتېر ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش ياكى يېزىق بىر تەرەپ قىلىش دېتاللىرىنى قوللىنىپ تەھرىرلەپ چىقىش زور دەرىجىدە قولايلىق. بۇ جەھەتتىن ھازىر ئەڭ كۆپ قوللىنىلىۋاتقان ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش دېتالى «مىكروسوفت ۋورد»نى تەۋسىيە قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ دېتالنىڭ تەھرىرلەش ۋە بەت ياساشتىكى ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يېزىق بىر تەرەپ قىلىدىغان خادىملارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ناھايىتى باب كېلىدىغان بولۇپ، ئەسەرگە كىرگۈزۈلىدىغان تۈرلۈك ئۆزگەرتىشلەرنى راۋان، ئەپچىل ھالدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى يەنە ئەسەرنى سېلىشتۇرۇش، ئىزاھات كىرگۈزۈش، ئۆزگەرتىش سەۋەبلىرىنى ئىزاھلاش ئىقتىدارىمۇ مۇكەممەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كومپيۇتېر ئىشلىتىپ ئېلېكترونلۇق نۇسخا ئۈستىدىن بىۋاستە تەھرىرلىگەندە سۈرئەت تېز بولىدۇ، تەھرىرلەپ ئۆزگەرتكەن بۆلەكلەرنى سىزىپ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا تەھرىرلىك خىزمىتىدە كومپيۇتېرنى ياردەمچى قورال قىلىپ ئىشلىتىش كۈندىلىك خىزمەتلىرىمىزگە زور قولايلىق ئېلىپ كېلىش بىلەنلا قالماي، ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچتىن ئۇتقىلى، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك خىزمەت ئۇسۇلىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ، خىزمەت داۋامىدىكى چارچاش ۋە زېرىكىشلىكنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىنىي ئىشلىرى ئىدارىسى) قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2009 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



# ئائىلىۋى تۈگمەن ـ يارغۇنچاق

قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن

ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە زىرائەت دانلىرى (بۇغداي، قوناق، تېرىق، ئارپا، پۇرچاق، ماش) قاتارلىقنى ئۆز پېتى ۋە ھەر خىل ئۇسۇلدا ئېزىپ ئىستېمال قىلىش جەريانىدا قولايلىق ھەم دانلارنى ئۇن قىلغىلى بولىدىغان يارغۇنچاقنى ئىجاد قىلغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسى رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا ھېلىھەم ئىشلىتىلمەكتە.

يارغۇنچاقنىڭ قۇرۇلمىسى: سۈپەتلىك تاراشلانغان، دىيامېتىرى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر جۈپ تۈز يۈزلۈك تاش ئاستى ـ ئۈستى ھالەتتە مۇئەييەن ئارىلىق قويۇلۇپ، تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىلىدۇ (بۇ قوزۇق ئاستى تەرەپكە مەھكەم ئورنىتىلىدۇ) ۋە ئۈستۈنكى تاشنىڭ قىرغىقىنىڭ بىر تەرىپىگە (تۆپە تاشنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن) ئون سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تۇتقۇچ ئورنىتىلىپ، بۇغداي، قوناق، ئارپا دانلىرى ئۈستۈنكى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېقىلغان قوزۇقنىڭ يېنىدىكى بوشلۇققا سېلىنىدۇ. ئۇن تارتقۇچى يارغۇنچاقنى بىر خىل يۆنىلىش بويىچە تۇتقۇچنى تۇتۇپ چۆرۈيدۇ. مۇشۇنداق چۆرۈشتە ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىكى دان بېسىم ۋە سۈركۈلۈشتە ئېزىلىپ ئۇن ھالىتىگە كېلىدۇ. كېيىن بۇ ئۇن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، يىرىكلىرى يەنە يارغۇنچاققا سېلىنىپ يەنە شۇ ئۇسۇلدا يانجىلىدۇ. ئاخىرىدا تاسقىلىپ قالغان كېپەك چارۋا ماللارغا يەم قىلىنىدۇ. تاش يارغۇنچاق ئاددىي بولۇپ، ئىشلىتىشكە قولايلىق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ ئۇسۇلدا بادام، ئۆرۈك مېغىزلىرىدىن تالقان تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ.

يارغۇنچاقتا تارتىلغان ئۇننىڭ سۇ تەركىبى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك، سۈپەتلىك، يۇمشاق، تەبىئىي بولىدۇ. بۇنداق ئۇندىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر ئاسان قېتىپ قالمايدۇ. يارغۇنچاقنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ۋە بۈگۈنكى تەرەققىياتى ھەققىدە دىيارىمىزدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرساق، يېڭى تاش قوراللار ۋە بىرونزا قوراللار دەۋرىگە تەئەللۇق ھەر خىل تاش يارغۇنچاق ۋە ئۇنىڭ پارچىلىرى دىيارىمىزنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىن كۆپ تېپىلغان. ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم ئاپتورلۇقىدىكى «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن كىتابتا «ئەڭ دەسلەپ كەشپ قىلىنغان يارغۇنچاق تاش توقماقچە بىلەن دان ئېزىدىغان يارغۇنچاق بولۇپ، ئۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. بۇنداق يارغۇنچاق ئاساسىدا بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 ـ 4000 يىللار ئىلگىرى ئىلغارراق يارغۇنچاق (يىرىكرەك ئۇن چىقىرىدىغان) بارلىققا كەلگەن» دەپ يېزىلغان. بىز بۇلاردىن تاش يارغۇنچاقنى ئىشلىتىش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىراق بۇنداق يارغۇنچاقنىڭ ئىش سۈرئىتى ئاستا، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش مەقسىتىدە ئىجادكار ئەجدادلىرىمىز دىيارىمىزنىڭ ئەۋزەل سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئەمگەك سەرپىياتى ئازراق، ئۇن چىقىرىش مىقدارى يۇقىرى سۇ تۈگمىنىنى كەشپ قىلغان، ھازىر كىشىلىرىمىز زامانىۋى توك تۈگمەنلىرىدىن پايدىلانماقتا.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك دۆڭقوتان بازىرى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

www.uyghurkitap.com

# قاراقاش



يۇقىرى مەھەللىدىن كېلىدۇ،
ئاق بوز ئاتلىقىم.
ئات ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ،
قارا قاشلىقىم.

قارا قاشىم كېلىدۇ،
قاپقارا چاچ كېلىدۇ.
قارا قاشقا كۆيمىگىنىمنى،
قارا قاشىم بىلىدۇ.

قارا قاش نازلاپ كۈلۈپ،
يۈرەك باغرىم تىلىدۇ.
سۆيۈپ ئالسام مەن ئۇنى،
يۈرەك باغرىم تىنىدۇ.

قارا قاشىم كېلىدۇ،
قىزىلگۈل سىياقىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
شۇ يارنىڭ پىراقىدا.

قارا قاشىنىڭ بېشىدا،
گىلەم نۇسخا دوپپىسى.
قارا قاشقا ياراشقان،
سۈرگەن ئەڭلىك ــ ئۇپىسى.

چىنە چىنىدىن چىقۇر،
غىدىر خۇمداندىن چىقۇر.
قارا قاش سەتەڭ يارلار،
كۆتەمە دالاندىن چىقۇر.

قاشى قارا، مەڭزى قىزىل،
كىمنىڭ يارى بولدىلا.
نەچچە ۋاقتىن يوق ئىدىلە،
يېڭى پەيدا بولدىلا.

قاراقاش گۈزەل يارىم،
كۆڭلۈم ئۈلپىتى.
مىنگەن ئېتىم، كىيگەن تونۇم،
يارنىڭ دۆلىتى.

كۆل بويىدا ئولتۇرىدۇ،
سۇمبۇل چاچلىقىم.
ئولتۇرەمدۇ، كۆيدۈرەمدۇ،
قارا قاشلىقىم.

قارا قاشىنىڭ ئوتلىرى،
ئوچاق ئوتى چوغىدەك.
قارىۋالدى يىگىتلەر،
قارا قاشقا تويغىدەك.

قېشى قارا ئۆزلىرى،
قەنت ـ ناۋاتتەك سۆزلىرى.
كۆرۈنىدۇ ئوت بولۇپ،
ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى.

ئاسماندا پىل ـ پىل قىلىدۇ،
قارا مىلتىقىنىڭ ئوقى.
يۈرەكنى جىغ ـ جىغ قىلىدۇ،
قاراقاش يارنىڭ ئوتى.

قېشىڭىزنىڭ قارىلىقى،
قارىمۇق داننىڭ ئۆزى.
يۈرىكىمگە ئوتنى سالدى،
قېشى قارانىڭ كۆزى.

قارا قاشىنىڭ تۇمىقى،
قارا كۆرپە ئەمەسمۇ.
كۆزدىن ئۇيقا قاچۇرغان،
كۆيۈك ئوتى ئەمەسمۇ.

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.

بىر ئادىشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

قاراقاش مىنگەن ئاتنىڭ،
كۇمۇش قاشلىق ئېگىرى.
قارا قاشقا كۆيگەننىڭ،
كۇل بولغاندۇ جىگىرى.

قاپقارادۇر قاشىڭىز،
نەچچىدە باردۇر ياشىڭىز.
ئونبەشتە بولسا ياشىڭىز،
مەن بولاي ئاداشىڭىز.

قاشىنىڭ قاراسى قاشلىق،
سىڭگىم ئاراسى تاشلىق.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ئۆتۈپ كەتمىسۇن ياشلىق.

ئىسكىڭىنىڭ ئالدىدىن،
سۇ ئۆتەمدۇ قارا قاش؟
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
كۈن ئۆتەمدۇ قاراقاش؟

بارغىچە باغ بىلەن باردىم،
يانغىچە تاشلىق بىلەن.
يۈرىكىم قانۇر مېنىڭ،
قاپقارا قاشلىق بىلەن.

قارا قاشىنىڭ ھويلىسى،
ھويلىسىدا ئورىسى.
قاراقاش سەتەك يارىنىڭ،
بىزدەك ئەرلەر دورىسى.

قارا قاشلار چاي ئىچسە،
كۆرۈندۇ گېلىدىن.
قارا قاشنى قۇچاقلاپ،
تۇتۇۋالدىم بېلىدىن.

قارا قاشىنىڭ دەردىدە،
چۆلدە باقتىم تۆگىنى.
پەنجىرىدىن مارايدۇ،
مېنى ئېنىق كۆرگىلى.

قارا قاشىنىڭ كۇلگىنى،
قەدرىمنى بىلگىنى.
ئالايتقىنى كۆزىنى،
چاپسان كەلگىن دېگىنى.

قارا قاشىنىڭ كەلگىنى،
مېنى دىلدىن سۆيگىنى.
ماڭا تەزىم قىلغىنى،
كۆيگىنىمنى بىلگىنى.

بىزنىڭ يارلار قارا قاش،
ئەگىم يولدا ئوينايدۇ.
بولۇپ كۈندە ھەر ياڭزا،
شېرىن جاننى قىينايدۇ.



قارا قاش قاۋۇل يارغا،
ئاشنا بولسا كىشى.
جاننى جانغا ئۇلاپ،
قول تۇتۇشۇپ كەتسە كىشى.

قارا قاش ئولتۇرسەن،
باغدا ئېچىلغان گۈلدەك.
ئىشقىڭدا ناخشا ئېيتۇرمەن،
قەپەستىكى بۇلبۇلدەك.

قاپقارادۇر قاشلىرىڭ،
كىرپىكلىرىڭ زىرۇ-زەۋەر.
يار، ئوتۇڭدا مەن كۆيىمەن،
سەن يۇرۇيسەن بىخەۋەر.

قېشىڭىزنىڭ ئەگمىسى،
قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى.
مەن ئىشقىڭدا ھېرىسمەن،
بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

بېيىتنى پۇتتۇم،
زەيتۇن تاۋاغا.
قاراقاش چىقمىدى،
ئۆيىدىن تالاغا.

قارا قاشىنىڭ چېچىدا،
قىزىل پۇپەك جالاسى.
قارا قاش كېتىۋېلىپ،
بىزگە قالدى بالاسى.

كىمخاپ كۆڭلەك كىيىپتۇ،
قاراقاش يارىم مېنىڭ.
قارا قاشتىن ئايرىلسام،
نېچۇكتۇر ھالىم مېنىڭ.

قارا-قارا قاشلىرىڭنى،
قارا خەتكە ئوخشتاي.
سېنىڭ قىلغان خۇيلىرىڭنى،
ئەمدى قاچان ئۇنتۇتاي.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

قارا قاشنىڭ كېڭىدا،
ئالامۇشۇك ياتىدۇ.
چىقىپ كەتسەم يۇرتىدىن،
بىزنى قاچان تاپىدۇ؟

بېيىتمنى پۈتۈدۈم،
زەردىن تۇگاغا،
قارا قاش چىقمايدىكەن،
ئۆيدىن تالاغا.

قارا قاشقا كۆيۈپ قېلىپ،
قالدىم بالاغا.
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ،
يىغلاي خۇداغا.

چىلان كۆتىكى نەدە؟
چىلان كولىغان يەردە.
بىزنىڭ قاراقاش نەدە؟
مەيلى خالىغان يەردە.

قارا-قارا قاشلىرىم،
تىزغا چۈشتى چاچلىرىم.
يارنىڭ يولىغا قاراپ،
ئاقىرىپ كەتتى باشلىرىم.

قاشنىڭ قارىسى قۇندۇز،
ئاينىڭ يېنىدا يۇلتۇز.
سەن يارنى خىيال قىلسام،
يىغلايمەن كېچە-كۈندۈز.

كۆك يايلىق كۆك بۆرە،
ئۈزۈق ئىزدەپ يۈرگىدەك.
قارا قاش بىزنىڭ يارلار،
مېنى ئىزدەپ يۈرگىدەك.

قاشى قاراسى بولمىسا،
قەشقەر دېگەن قانچە يىراق؟
ئۇپا-ئەڭلىك بولمىسا،
ئايدەك جۇگان ئىتقا يالاق.

ياغلىق ئوت باغنىڭ ئوتى،
يۇمغاقسۇت تاغنىڭ ئوتى.
كۆيمىسەم كۆيدۈرىدۇ،
قاراقاش يارنىڭ ئوتى.

قارا قاشقا ھال ئېيتسام،
يەر ئاستىدىن قارايدۇ.
ئاخشىمى ئاران بارسام،
ئاتا-ئانىسى مارايدۇ.

قاراقاشنى كۆردۈم دېسە،
كۆرگەنلەرگە كۆيدۈممەن.
قارا قاشنىڭ دەردىدە،
تىرىك كۆيۈپ ئۆلدۈممەن.

دەرد كەلدى ئەلەم بىلەن،
داپ بىلەن سەنەم بىلەن.
دەرد كەلسە ئۆزۈم تارتاي،
قاراقاش لېۋەن بىلەن.

باغقا كىرسە قارا قاش،
ۋىچىرلايدۇ ئاق قۇشقاچ.
كەلدىم يارىم سېنى دەپ،
چاققان بول، قويىنىڭنى ئاچ.

«تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.


## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**



# سۇلتان باتۇرخان مازىرى

مەردان مەتقاسىم

سۇلتان باتۇرخان مازىرى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى زەمىن يېزىسى قوچا كەنتى (15-كەنت)گە جايلاشقان. مازار قويۇق ئىسلام تۈسى ئالغان قۇرۇلۇش بولۇپ، دەرۋازا، رىشاتكىسمان قورشاۋ تام، ئاشخانا، تىلاۋەتخانا، ھويلا ۋە پېشايۋان ئاستىغا ئېلىنغان قەبرە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. كۆلىمى 268.52 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

قەبرە كەنت مەركىزىدىن 1.25 كىلومېتىر چەتتىكى سايلىق بويىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ساي بىلەن كەنتنى بىر ئۆستەڭ ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۆستەڭنىڭ بۇ تەرىپى ياپيېشىل ئېتىز-ئورمانلىق، ئۇ تەرىپى سايلىق بولۇپ، ئۆستەڭدە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ، كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلار، كۆپكۆك ئاسمان قوشۇلۇپ ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغان.

مازار دەرۋازىسى شەرققە قارايدۇ، دەرۋازىدىن كىرىپلا تورۇسى گۈمبەزسىمان لايىھەلەنگەن بىر كىچىك زال بولۇپ، ئۇدۇلى ۋە ئوڭ تەرەپتە چىقىش ئېغىزى بار. ئۇ يەردىن چىقىپ ھويلىغا كىرىسىز. ھويلا ئىچىدە ئىككى سۇپا ۋە ئوچاق بار. ئۇدۇل تەرەپتىكى ياغاچ ئىشىكتىن كىرسىڭىز ئاشخانا ئۆي بار. ئىشىك بار تامدا بىر چاسا مېھراب، سول تەرەپتىكى تېمىدا مورا ئوچاق سېلىنغان. ئوڭ تەرەپتىكى تامدا يەنە بىر كىچىك ئىشىك بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن بەش تۈۋرۈكلۈك قىلىپ سېلىنغان تىلاۋەتخانىغا كىرگىلى بولىدۇ. تىلاۋەتخانىنىڭ ئۇدۇلدىكى تېمىدا تورۇس بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە بىر كىچىك دېرىزە بار. ئوڭ تەرەپتىكى تېمىدا بىر كىچىك پەرەنجە ئېچىلغان بولۇپ قەبرە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەبرە ئەسلىدە بىر پېشايۋان ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، ھويلىغا قارايدىغان ئالدى تەرىپى ياغاچ رىشاتكا بىلەن توسۇۋېتىلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ياندىكى ئىشىكتىن كىرىدۇ. قەبرە سۇپا ئۆستىگە قويۇلغان بولۇپ، قەبرىنىڭ ئېگىزلىكى 1.14 مېتىر، كەڭلىكى 0.48 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2.20 مېتىر، قەبرە يوپۇق بىلەن ئورالغان.

مازار تاملىرىنىڭ بىر نەرسە قويغىلى بولىدىغانلىكى يەرلىرىگە شۇ يەرگە تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەر يۈز-كۆزىنى سۈرتۈپ دۇئا قىلىپ قويۇپ قويغان تاشلار بىلەن توشۇپ

كەتكەنىدى. قەبرە ئالدىدىكى ياغاچ رىشاتكىغا ۋە ئۈستىدىكى تورۇسقا نۇرغۇن لاتا، رەخت ۋە كونا كىيىم-كېچەك پارچىلىرى ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. مازار ئەتراپىدىن يەنە لاتا قونچاق، كىيىم كىيدۈرۈلگەن قارانچۇق بايقالدى. مازارغا يىراق بولمىغان جايدا يەنە كىچىكرەك بىر تاش ۋە كىشىلەر «ساندۇق تاش» دەپ ئاتايدىغان چوڭراق بىر تاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىمۇ مۇشۇنداق تاش ۋە رەخت-لاتا پارچىلىرى قويۇلغانىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مازار تاۋاپچىلىق ئادىتى ئۇزاقتىن بېرى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مازارلار ھەر قايسى يۇرتلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانغان ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋەت - ئابرۇيلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولغان. مازارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىش جەريانىدا جېنىدىن ئايرىلغان بىر قىسىم دىن تارقاتقۇچىلار ۋە ئاپپاق خوجا دەۋرىدىكى سوپىزم تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ، ئۇلار دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىت، شاگىرتلىرى تەرىپىدىن قەبرە قاتۇرۇلۇپ، زامانغا نىسبەتەن ئادەتتىكى قەبرىلەردىن پەرقلىق ھالدا سىرلىق ھېكايە ۋەقەلەر بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ. سۇلتان باتۇرخان قەبرىسى مانا مۇشۇنداق قەبرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مازارنىڭ قاچان بەرپا قىلىنغانلىقى ۋە بۇ مازارغا كىم دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا يازما ماتېرىيال يوق، پەقەت كىشىلەر ئېغىزىدىكى «سۇلتان باتۇرخان»، «سۇلتان باھادىرخان»، «سۇلتان باتۇر خېنىم» دېگەندەك ئىسىملا قالغان. بۇ قەبرە ئىگىسىنىڭ كىم، قەيەرلىك، نېمە ئىش تۈپەيلى ۋاپات بولۇپ مۇشۇ يەرگە قاچان دەپنە قىلىنغانلىقى سىرلىق رىۋايەتلەرگە كۆمۈلگەن.

مازار بەرپا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئەتراپىغا مەسچىت سېلىپ، ھېيت-ئايەم، جۈمە كۈنلىرى شۇ يەردە ناماز ئوقۇغان، ئۆي-ئۆيلەردىن لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ نەزىر قىلغان. مازار شۇنداق ئاۋات بولغان، مازارنىڭ نۇرغۇن ۋەخپە يەرلىرى بولغان.

ئەينى يىللاردا كىشىلەر ھەتتا ئاتلىق ياكى ھارۋىلىق ماڭغان بولسا، قەبرە كۆرۈنگەن ھامان يەرگە چۈشۈپ، قەبرىگە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ دۇئا قىلىپ ماڭىدىكەن. شۇڭلاشقا تا ھازىرغىچە ھەر يىراق يۇرت-يۇرتلاردىن كىشىلەر كېلىپ مازارغا تاۋاپ قىلىدىكەن.

ھەر يەرلەردىن كەلگەن تۇغماس ئاياللار، پۇت-قولى تۇتماس بولۇپ قالغانلار ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش داۋالاپ ساقايمىغان كېسەللەر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ توخۇ، كەپتەر دېگەندەك ھايۋانلارنى قان قىلىپ، خەتمىقۇرئان ئوقۇپ بالا تىلەيدىكەن، ئۆز كېسىلىگە شىپالىق سورايدىكەن.

بۇ مازارغا تەلىپ شەيخ، قۇتلۇق شەيخ، ئەمەت شەيخ، پەتتار شەيخ (1998-يىلى 104 يېشىدا ۋاپات بولغان) ۋە ھازىرقى قەبرىگە قارايدىغان ياسىناخۇن شەيخ (ئەمەت شەيخنىڭ نەۋرىسى) قاتارلىق شەيخلەر ئىگىدارچىلىق قىلغان. شۇنداقلا بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر يېشىمۇ 100 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆمۈر چولپانلىرى كۆپ چىقىدىكەن.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مازارنى ۋە مازارغا يېقىن جايلاشقان بىر ئاق تاش بىلەن چوڭ ساندۇق شەكىللىك تاشنى خاسىيەتلىك تاش دەپ قارايدۇ. ھەر يەرلەردىن كەلگەن تۇغماس ئاياللار، پۇت-قولى تۇتماس بولۇپ قالغانلار ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش داۋالاپ ساقايمىغان كېسەللەر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ توخۇ، كەپتەر دېگەندەك ئۇچار قانات ھايۋانلارنى قان قىلىپ، خەتمىقۇرئان ئوقۇپ بالا تىلەيدۇ، ئۆز كېسىلىگە شىپالىق سورايدۇ.

ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كىچىكرەك ئاق تاش بىلەن «ساندۇق تاش»نىڭ ئاستىدا ۋە سۇلتان باتۇرخان مازىرىنىڭ تېمىدا تۆشۈك، كامارلار بولۇپ، ھاجەتمەن بولۇپ تىلەك تىلەيدىغانلار، بولۇپمۇ پەرزەنت تىلەپ كەلگەنلەر ئاساسلىقى شۇ تاشنىڭ ئاستىدىكى كامارغا قولىنى سېلىپ قولىغا نېمە چىقسا شۇنى يەۋەتسە تىلىكى ئىجاۋەت بولارمىش. بەزىلەر يەنە، بۇغداي چىقسا ئاغزىغا سالىدۇ، قوڭغۇز چىقسا قوينىغا سالىدۇ، دەيدۇ.

بۇ مازار شۇ يۇرتقا كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى سۇ كەلمىگەن ياكى سۇ قىس بولغان ۋاقىتلاردا شۇ يەرلىك كىشىلەر كالا-قويلارنى ئاپىرىپ نەزىر قىلىدىغان ئىشلار بولغان.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىيولوگىيە ۋە جۇغراپىيە ئىلمى فاكۇلتېتى 2008-يىللىق 3-سىنىپتىن)

# لىڭگىر تاقتاق



**باغقا كىردىڭمۇ؟**

— باغقا كىردىڭمۇ؟
— كىردىم.
— ئۈزۈم يېدىڭمۇ؟
— يېدىم.
— بوغۇن چاقتىمۇ؟
— چاقتى.
— نەرىڭنى؟
— شىللامنى.
شىلدىر - شىلدىر.

**ئاق تېرەك**

— ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
— ئۆزى چاققان ھەر ئىشتا،
قابىل، زېرەك، يېڭىشتا،
بىزگە باتۇر قىز كېرەك.
— كىم كېرەك؟
— مەلىكەم كېرەك.
— كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ!
— ئۆز سىپىڭگە قاتساڭچۇ؟

**لىڭگىر تاقتاق**

لىڭگىر - لىڭگىر تاقتاق،
ئەيسا دېگەن پاپپاق.
ئەيسا دېگەن ئۆلۈپتۇ،
شورتاڭلىققا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان كىشى يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

**ئاق تەلەڭگە**

ئاق تەلەڭگە، كۆك تەلەڭگە،
جانىم - جانىم زىلىخان.
زىلىخاننىڭ بېغىدا،
بىر توپ - بىر توپ ئانار چەك.
ئانار چەكنىڭ تالىرى،
بوغۇم - بوغۇم، بوغۇمچەك.

ئۇ خالتىدا تاش،
بۇ خالتىدا ماش.
سېنىڭ ئاپاڭدىن،
مېنىڭ ئاپام ياش.

**دۇم - دۇم**

— دۇم - دۇم !؟
— لەۋەي - لەۋەي
— ئاپاڭ قېنى؟
— ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
— نەدە؟
— باراڭ ئاستىدا،
— پىشتىمۇ؟
— پىشتى.
— ئاتاڭ ئىچتىمۇ؟
— ئىچتى.
— ماڭا قېنى؟
— تاختا بېشىغا ئىلىپ قويساق،
قاغا چوقۇپ كېتىپتۇ.
— ماڭ، قاغىنى تۇتۇپ كەل.

**تاققا - تۇققا**

تاققا - تۇققا،
زەنجىر ھالقا.
ھالقىدىن بولقا،
لالىڭ شېكەر.
خان قىزى،
خامان قىزى.
گۈلدۈر كۆمەچ،
پەتلەنچۈك.
سەن تۆر،
سەن چىق.
چىملىتقىم، چىمچىق.

**بىر باستىم**

بىر باستىم، ئىككى باستىم،
چاقمىغا تاناپ باستىم.
باسقان تاناپ كىمنىڭكى؟
مەخسۇتباينىڭ قىزىنىڭكى.
مەخسۇتباي ئۆلۈپ كەتسە،
پاتەمخانلار بىزنىڭكى.

**تۆگىلەر**

تاڭگاڭ - تۆڭگۈڭ تۆگىلەر،
نەگە بارغان تۆگىلەر؟
تۇزغا بارغان تۆگىلەر.
تۇزۇڭ قېنى تۆگىلەر؟
قۇمداۋاندا تۆكۈلدى.
ئارا يولدا چېچىلدى،
مەستۈرىخان يىقىلدى.

**ئۈزۈم پىشتىمۇ؟**

— مەستۈرىخان ئايلا!
— ھە.
— ئۈزۈم پىشتىمۇ؟
— يە!
— ئۈزۈمىڭنى يېدىم،
— ئاچچىقىمكەن؟
— ئەھ!

**ئاغىنە**

— ئاغىنە - ئاغىنە،
تاغقا چىقاينا.
— تاغدا نېمىش بار؟
— بىر جۈپ چوكان بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



— ئېتى نېمە؟
بۇۋساره.
— يەنە بىرىنىڭچۇ؟
— گۈلساره.
— نېمە قىلدۇ؟
— ئاش ئېتىدۇ.
— بىزگە بېرەمدۇ؟
— بىزگە بېرىدۇ بىر قوشۇق.
— ئۆزى ئىچىدۇ بىر ئاياغ.
— بەرگىنىگە تويمايسەن،
— ئېتىكدە قويمايسەن.

**جالدىرچاق**

جالدىرچاق، جالدىرچاق،
كونىشەھەرنىڭ باللارى.
پۇل بەرسەڭمۇ ئاتىمەن،
بەرمىسەڭمۇ ئاتىمەن.
زورىخانىنىڭ دەردىدە،
يۇلغۇن تۈۋىدە ياتىمەن.

**پۇتەكى**

پۇتەكى، پۇتەكى
ئىككىلىباش.
بىز ئىككەيلەن قەلەمقاش،
— ئەنجانلىقنىڭ نېمىسى بار؟
— چىن تەخسىدە پىستىسى بار.
— چىن تەخسىنى كىم چاقتى؟
— هاشماخۇن ئۇستىسى بار.

**نوغاي ئوخشايدۇ**

نوغاي ـ نوغاي ئوخشايدۇ،
كىتىپ بارغان بايۋەتچى.
شاۋانزاكام ئۆلۈپتۇ،
شورتاڭلىقا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

**ئاش ئېتىپتۇ**

ئاش ئېتىپتۇ،
بوك ـ بوك.
ئېشىڭنىمۇ ئىچمەيمەن،
تاز بېشىڭغا چىشمايمەن.

**چۇشۇرەك قاينايدۇ**

چۇشۇرەك ـ چۇشۇرەك قاينايدۇ،
ماڭا بىرنى بەرمەيدۇ.
ئۆزى بىرنى يېمەيدۇ،
قازان كۆتى يالايدۇ.

**ئاقتاش**

ئاقتاش، ئاقتاش،
دەريادىكى سۇزۇك تاش.
بىزدەك باللار قەلەمقاش،
ئوينايدىغان باللار بارمۇ؟

**قارلىغاچ**

ۋىچىر ـ ۋىچىر قارلىغاچ،
قارلىغاچ بىلەن مەن ئاداش.
بىزنىڭ ئۆيگە ئۇۋا سال،
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش.
ۋىچىر ـ ۋىچىر قارلىغاچ،
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش.

**قاغا**

قاغا ـ قاغا ئۇچتى،
ئۆيگە مېھمان چۈشتى.
مېھمان بىلەن كارىم يوق،
تونۇردىكى نان چۈشتى.

**يامغۇر ياغلاق**

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
ئاسماندىكى خوتۇنلارنىڭ،
ئەمچىكى يۇمىلاق.

**ئاپتاپ چىق**

ئاپتاپ چىق،
ئاپتاپ چىق.
ئەسكى چاپان،
سۆرەپ چىق.

**ئاسماندىكى ئاي**

ئاسماندىكى ئاي،
قۇم چۆگۈندە چاي.
ئۇسساپ قالسلا،
خام تاۋۇز تىلاي.
بۇ كىمنىڭ قىزى؟
بۇ كىمنىڭ قىزى،
ئامبالنىڭ قىزى.
چوقۇر دېمەڭلار،
چېچەكنىڭ ئىزى.

**يوق**

ئەللەي بالام كۆتى پوق،
ئەرتەي دېسەم لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئۆگۈزدە،
چىقاي دېسەم تاتما يوق.
تاتما دېگەن تېرەكتە،
چاپاي دېسەم پالتا يوق.
پالتا دېگەن تۆمۈرچىدە،
ئالاي دېسەم داچەن يوق.
داچەن دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسەم كىلىت يوق.
كىلىت دېگەن ئاپامدا،
ئۇن تاسقايدۇ چاۋاندا.

**مېغىزنى تېتىپ باق**

تاق ـ تاق،
ئىككى توخۇنىڭ بىرى ئاق.
كۆتىدىن چۈشتى،
ياڭاق.
ياڭىقنى چىقىپ باق،
مېغىزنى تېتىپ باق.
ياخشى گەپ،
ياخشى سۆز ئاڭلاي دېسەڭ،
ھېيت مالىكاڭنىڭ،
ئۆزىگە باق.



«تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.



# ئۈزۈم ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىچىتىش ھۈنەرلىرى توغرىسىدا

**مامۇت قۇربان**

يۇرتىمىزنىڭ ئۈزۈمى تارىختىن بېرى داڭلىق بولۇپ، كىشمىش ئۈزۈم، ئاق سايىۋا، قارا ئۈزۈم (مەشىج ئۈزۈم)، قىزىل سايىۋا، قاشقىر ئۈزۈم، غۇنچە ئۈزۈم، مۇنەقە ئۈزۈم قاتارلىق ئۈزۈملىرىنىڭ ئۇلاردىكى شېكەر تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى، ئۆزگىچە تەمى بولغان. شارابى ۋە قىيامى تاتلىق، ئىچىتىش ئاسان، پوستىدا ئىچىتقۇ ماددىسى بولۇپ ئۆزلۈكىدىن ئىچىيدۇ.

ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا توك ئۈزۈم، غورا ۋە قوقاق شۆۋىقى (قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن) قاتارلىقلاردىن سىركە تەييارلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كېسەل داۋالاپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئۈزۈمنىڭ يېمەكلىك شەكلىدىن، سىركە، مۇسەللەس، شاراب شەكىللىرىگە ئۆتۈشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈزۈمچىلىك بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللىنىپ ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشى ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە شارابنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يەنە «بور» (3-توم، 167-بەت) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. بۇ بەلكىم «بورلۇق» (تۇرپاننىڭ ھازىرقى بۈيلۇق — ئۈزۈملۈك) دېگەن سۆز ئەنە شۇ سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا ئۈزۈم پىششىقى مەزگىلى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ «تازا ئۈزۈم پىششىقى» (1-توم، 486-بەت) مەزگىلدە ئۈزۈمنى ئىستېمال قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدىن «قۇرۇق ئۈزۈم» (1-توم، 216-بەت)مۇ قۇرۇتىدىغانلىقى. ئۈزۈمدىن «ئۈزۈم سىركىسى» (1-توم، 560-بەت)، «شاراب» (1-توم، 470-بەت) ياسايدىغانلىقىنى يازغان ھەمدە بۇغداي شارابى ئىچىتقۇسىنى تەييارلاش ھەققىدە توختىلىپ، «ئوغۇت، بۇغداي شارابىنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئىچىتقۇ، بۇ ئىچىتقۇ بىر مۇنچە دورا-دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۈندۈرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ. بۇ خېمىر كېسىپ كۇمىلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن ئارپا قاينىتىلىدۇ. ئاندىن ھېلىقى قۇرۇتۇلغان كۇمۇلاچتىن بىر دانىسى ئوبدان يانچىلىپ قاينىتىلىپ بۇغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ بۇغداي پاكىز بىر نەرسىگە ئورىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئوبدان دۈملىنىپ يېتىلىشى ئۈچۈن، كۆبكە سېلىنىپ، ئون كۈن ساقلىنىدۇ. ئېچىپ يېتىلگەندە ئۈستىگە سۇ قۇيۇلىدۇ، تېرىپى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، قالغان سۇيۇقلۇق بۇغداي شارابى بولىدۇ» (1-توم، 70-بەت) دەپ يېزىلىشتىن باشقا، ئىچىتىش كۆپلىرى ھەتتا «ھاراق دۇكىنى» (1-توم، 463-بەت) توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 1500 — 1800 يىللار بۇرۇن ئۈزۈمنى ئىچىتىپ ئۇنىڭدىن شاراب ياساشتەك بىر خىل مۇكەممەل ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. «مەشىج ئۈزۈم» (1-توم، 467-بەت) مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر تىللىرىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن»①.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى «ئىچكۈ» (دىۋان. 1 ـ توم، 174 ـ بەت) دەپ ئاتىغان. بۇ پۈتۈن ئىچكۈلۈكنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى. لېكىن ھاراق ـ شارابنى تۈركىي خەلقلىرى «سۇچىك» (دىۋان 1 ـ توم، 531 ـ بەت)، يەنە باشقىلار «چاغىر» دەيدىغانلىقى مەلۇم. ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان ياغما، توخسى، چىگىللەر ئۈزۈم ھارىقىنى «قىزىل شاراب»، قىزىل سوچىك (دىۋان 1 ـ توم، 174 ـ بەت)، دەپ ئاتاشاتتى. «دىۋان»دا يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ «ئاغارتغۇ» (دىۋان 3 ـ توم، 600 ـ بەت) دېگەن بۇغداي يارمىسىدىن ياسىلىدىغان شارابنىڭ بارلىقى يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاشلىقتىن ياسىلىدىغان يەنە بىر ئىچىملىك «بەگنى» (دىۋان 1 ـ توم، 565 ـ بەت)نىمۇ بار ئىدى.

«دىۋان»دا بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇغداي، تېرىق ئارپىغا ئوخشاش ئاشلىقتىن ياسىلىدىغىنى ئىچىملىك ئىدى. بۇ بەلكىم بوزا بولۇشىمۇ مۇمكىن. بوزا ھېلىھەم تېرىقتىن ئىچىتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە تېرىقتىن ئىچىتىلىدىغان پىۋىگە ئوخشاش ئىچىملىكمۇ بولۇپ، بۇنى «بۇخسۇم» (دىۋان 1 ـ توم، 631 ـ بەت)، كۆپتىكى تېرىق شارابى ئىچىپ، بۇژۇلداپ كۆپ ئىغىزىدىن تېشىپ چىقسا ئۇنى «تۇما بۇخسۇم» (دىۋان 3 ـ توم، 322 ـ بەت) دەپ ئاتاشقان. «دىۋان»دا گەرچە ھەر خىل شارابلارنى قانداق ئىچىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمەگەن بولسىمۇ، لېكىن دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان شارابلار تاماق ھەزىم قىلىش ئۈچۈن ئىچىلىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ، «شاراب ئاشنى سىڭدۈردى» (دىۋان 3 ـ توم، 542 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا شارابنىڭ خۇددى ھازىرقىدەكلا تاماق سىڭدۈرۈش رولى بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتكەن، ئۇ يەنە شاراب توغرىسىدا توختىلىپ، «مەست قىلدى، شاراب ئۇنى مەست قىلدى» (دىۋان 3 ـ توم، 581 ـ بەت) دەپ يېزىپ قالدۇرغانلىقىدىن ئەينى ۋاقىتتا شارابلارنى كۆپ ئىچىۋەتسە مەست بولىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تۈركىي خەلقلەر شارابنى ئومۇمەن تۇلۇملاردا، «ساغىر» (دىۋان 1 ـ توم، 529 ـ بەت) دەپ ئاتىلىدىغان تۇۋى تار، ئاغزى كەڭ قاچىلاردا ساقلايدىغانلىقى، تۇلۇمدا ساقلانغان شارابلار بىر قەدەر تەملىك بولىدىغانلىقى، شاراب تولدۇرۇلغان تۇلۇمنى «تىم»، ئىچىملىك تولدۇرۇلغان تۇلۇمنى «تۇرسۇق» (دىۋان 3 ـ توم، 187 ـ بەت) دەيدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن.

«دىۋان»دا «تىمچى» (دىۋان 3 ـ توم، 187 ـ بەت) شاراب ساتقۇچىنى، مەيچى ئىچىملىك ساتقۇچىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى يازغان. ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاساسلىق ئىچىملىكى قىمىز، «سۇچىك» (ئوغۇزلارنىڭ)، «چاقىر» (خاقانىلارنىڭ) قاتارلىق ئىچىملىكلىرى بار ئىدى. ئەينى زامانلاردا تۈركىي خەلقلەر بۇ خىل ئىچىملىكلەرنى ئىچىتىدىغان مەخسۇس يەرلەرنىڭ بارلىقى ۋە ھازىرقى مەيخانىلارغا ئوخشاش ھاراق ساتىدىغان يەرلىرى يەنى «كەپەت» (ھاراق دۇكىنى) (دىۋان 1 ـ توم، 463 ـ بەت) بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

«دىۋان»دىكى بۇ ئاتالغۇلاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تۈركىي خەلقلەردە مەي ئىشلەپچىقىرىش ئاللىقاچان ھۈنەر بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى، مەيخانا ئىچىشمۇ بىر كەسىپكە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۈركىي خەلقلەر شاراب ئىچىتىدىغان قاچىلارنىڭ ئىغىزىنى «ئاگۇت» (دىۋان 1 ـ توم، 125 ـ بەت) پەركا بىلەن يېپىپ قوياتتى. ئەينى ۋاقىتتا شاراب ساتقۇچىلار پەركا ئېغىزلىق قاچىلارنى ئىشلىتىپلا قالماي، جۇۋازچىلارمۇ ئىشلەتكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ھاراق دۇغىنى «چۆپ» (دىۋان 1 ـ توم، 418 ـ بەت) دۇغ ياكى «قۇۋۇز» (دىۋان 3 ـ توم، 224 ـ بەت) شارابقا چۈشكەن خەس، ئەخلەت دېيىشەتتى.

«شاراب يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىختىرا قىلىنغان بىر خىل ئىچىملىك» ②. شاراب ئېھتىمال ئۇيغۇرلاردا ئات سۈتى، تۆگە سۈتى ۋە تېرە تاشلاش جەريانىدا ئىشلەتكەن تېرىقلارنىڭ ئېچىشىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى زامان خىمىيە ئانالىزى تېرىق، ئات سۈتى، تۆگە سۈتى تەركىبىدە ئۆزلۈكىدىن ئېچىيدىغان ئاشلىغۇچى ماددا بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. زامانىمىزدىكى بوزا، قىمىزلار ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئەڭ ئىپتىدائىي ئېچىتىش مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسىدىن ئىبارەت.

ئىپتىدائىي خېمىرتۇرۇچ تاش ئالما، ياۋا شاپتۇل،







ئۆرۈك ۋە باشقا ياۋا مېۋىلەرنىڭ پىشىپ تەكتىگە چۈشۈپ، ئېچىپ قالغان ۋاقىتتا، مايمۇنلارنىڭ ئۇنى يەپ، خۇش كەيپ بولۇشتەك ھالىتى، ئىنسانلاردا ئىچىش ۋە ئىچىملىكتىن ئىبارەت ئىككى چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان، ئەڭ ئىپتىدائىي ئىچىملىك توغرىقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار تاكى يېقىنقى كۈنگىچە، كونا قاغجىراپ كەتكەن توغراق كامىرىدىن يامغۇر پەسلىدىن بۇرۇن توغرىقى ئېلىپ ئۇنى ئىچىتىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. قېتىق ئۇيۇتۇش كۆنەلگۈ ئېلىپ ساقلاش ۋە خېمىرتۇرۇچ ئېلىش شۇنىڭدەك ساقلاش مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنداقتا ئۇلار خېمىر تۇرۇچنى قانداق ياسىغان؟ ئەجدادلىرىمىز خېمىرنى پىياز سۈيىدە يۇغۇرۇپ خېمىرتۇرۇچ ياساش ئەنئەنىسىنى ياراتقان. خېمىرتۇرۇچنى ئۇنىغا مىلەپ ساقلاپ، كېيىن سۇغا سېلىپ ئېرىتىپ يېڭىلاپ ئىشلىتىش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار شىرنە ياكى مېۋە سۈيىنى «چاغىر» (دىۋان 1 ـ توم، 470 ـ بەت) ياكى «دىۋان، سۈچىك» (دىۋان 1 ـ توم، 283 ـ بەت) دېيىشەتتى. مېۋە سۈيى تاماقلار بىلەن بىللە، سوغۇقلۇق ئورنىدا ئىچىلىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇلار تاتلىق مېۋىلەردىن سىقىپ چىقارغان شەربەتنى سوۋۇتۇش ئىشىنى «سۈچىك»، «ئۇشۇتمەك» (دىۋان 1 ـ توم، 283 ـ بەت) دەيتتى، بۇ ھازىرقى تىلىمىزدا شەربەت سوۋۇتۇش دېگەن مەنىدە بولاتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا يەنە بىر كىشىنىڭ ئۈزۈمنى سىقىپ ئۈزۈم سۈيى چىقارغانلىقى (دىۋان 2 ـ توم، 23 ـ بەت) ۋە ئۈزۈمدىن شەربەت تەييارلىغانلىقى

www.uyghurkitap.com



(دىۋان 3-توم، 452-بەت) ھەققىدىكى سۆزلىرىگە ئاساسەن، سۇيى ئەڭ كۆپ ئىچىلىدىغان مېۋە ئۈزۈم ئىكەنلىكى، شەربەت قىلىدىغان ۋە «ئۇھاق» (دىۋان 1-توم، 165-بەت) ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرنىسى، «چەپشەك چاغىر» (دىۋان 3-توم، 526-بەت) نى سوغۇقلۇق ئۈچۈن ئىچىدىغانلىقنى يازغان. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ تاماقلىرىغا قوشۇش ئۈچۈن تەييارلىغان ۋە سوغۇق ھالەتتە ئىچىلىدىغان ھەممە نەرسىنى «سوغۇقلۇق» (دىۋان 1-توم، 655-بەت) دەپ ئاتىشاتتى، بۇ سۆزلەر ھازىرمۇ ئەسلي مەنىسىنى يوقاتقىنى يوق.

«دىۋان»دا شەربەتنىڭ «كۆپۈك چىقىرىپ بۇژۇلدىشى»، «ئېچىشى» (دىۋان 3-توم، 390-بەت)، قايىنتىلغان شاراب (دىۋان 1-توم، 482-بەت)، «باشقىلارغا تولا شاراب ئىچكۈرىدىغان ئادەم» (دىۋان 1-توم، 213-بەت) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتدا بەزى شەربەتلەرنى خۇددى ھازىرقىدەك قايىنتىپ ئالىدىغانلىقى مەلۇم، شەربەتلەر قايناش جەريانىدا كۆپۈكچە ھاسىل قىلسا ئۇنى سۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى شەربەتلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ بۇژۇلداپ قالغان بولسا، ئۇنى ھازىرقىدەكلا قايتا بىر تەرەپ قىلغان بولۇشى ياكى تۆكۈۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېيىلمىگەن، شۇنداقلا خۇددى ھازىرقىدەكلا شاراب ئىچىشنى مەجبۇرلايدىغان ئادەملەرنىڭ بولغانلىقىدىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا يەنە بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ «پەكمەز» (ئۈزۈم شىرنىسى)نى ئاساسلىق ئىستېمال قىلىدىغانلىقنى، «پەكمەز» دېگەن سۆزنى ئوتتۇرا ئەسىردە ئوغۇزلار «بەكمەس» (دىۋان 1-توم، 600-بەت) دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا كۆپرەك ئارپا ۋە بۇغداي «تالقىنى» (دىۋان 1-توم، 573-بەت) قېتىپ يەيدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا شىرنىگە سۇ قېتىپ سۇيۇقلىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلەردىن، ئۇلار شىرنىدىن سۇيۇقلۇق تەييارلايدىغانلىقنى (دىۋان 3-توم، 225-بەت) مەسىلەن، قېتىقنى دوغاپ قىلىپ ئىچىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

مەركىزىي ئاسىيادا شارابقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ قەدىمكى يازما مەلۇماتلار — گرېك تارىخچىسى ھەرىدوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى ماسساگېتلار (ئۇلۇغ شاكىلار) گۈلخان — مەي نەزمىلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئەڭ قەدىمكى يازما خاتىرىلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا خەۋەر قىلىشىچە «ماسساگېتلار گۈلخان يېقىپ، چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، گۈلخانغا مېۋىلەرنى تاشلىشىپ، ئۇنىڭ دۈتىدىن مەست بولۇشۇپ، ناخشا - قوشاق توقۇشۇپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ بەزمە قىلىشقان» ③. گرېك تارىخچىسى ئارېئان «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى» دېگەن كىتابىدا «ئىسكەندەر قوشۇنلىرى مەركىزىي ئاسىياغا قەدەم قويغاندا بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ «خۇددى گرېتسىيەدە مەي مۇئەككىلى دىئونىس نامىغا بېغىشلانغان مەي بايراملىرىغا ئوخشاش بەزمە، مەشرەپ پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن» ④ لىكى يېزىلغان.

تارىختىن بېرى تاكى ھازىرغىچە ئىشلىنىپ كېلىۋاتقان ئاقسۇ ئاۋاتنىڭ مۇسەللىسى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ كەشپىياتى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۈزۈم ئېچىتىشتىن ئېلىنغان شاراب ئەنئەنىۋى مەھسۇلات ئىدى. ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا يەنى «زەنجىۋىل سىركىسى ۋە ھەسەل شەربەتلىرىنىمۇ تەييارلاشنى بىلەتتى»⑤. «سىركەنجىبىن» دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ «سىركىگە شېكەر قوشماق» دېگەن مەنىدە بولىدۇ، ئۇيغۇرلار سىركىنىڭ چۈچۈمەل تەمىنى تەڭشەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلغان.

ئۇيغۇرلار ھەر خىل مېۋىلەردىن ئىچىملىك تەييارلاشقا ماھىر ئىدى. بۇ ھەقتە خەلق ئىچىدە مۇنداق ھېكايىمۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە. «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دادىسى ھۈسەيىن ئوۋغا چىقىپ مەجرۇھ كېيىكنى قوغلاپ «ئازىق» دېگەن جايغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ چاتقاللاردىن چىقىپ قارىسا بىر چىغىر يولدا سۇ ئېلىپ كىرىپ كېتىپ بارغان چولپانغا ئۇچراپتۇ. ھۈسەيىن ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، قىز كىرىپ كەتكەن ھويلىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئىشىك ئالدىغا چىققان قىزنىڭ دادىسى سەيپىدىنىدىن تەشنالىق سوراپتۇ، سەيپىدىن قىزىنى ئانار شەربىتى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. قىز ھېجىردا ئانار شەربىتى ئېلىپ چىقىپ ھۈسەيىنگە سۇنۇپتۇ. ھۈسەيىن بۇ شەربەتنى ئىچىپ تەشنالىقنى قاندۇرۇپتۇ، كېيىن ھۈسەيىن

سەيپىدىن ئىسىملىك بۇ كىشىنىڭ قىزى بۇۋى رابىيەگە ئۆيلىنىپتۇ» ⑥. گەرچە بۇ رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئانار شەربىتىنى تەييارلاش، ساقلاشنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئانار شەربىتىنى قانداق ساقلىغان؟ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئانار شەربىتىگە بىرىنچىدىن، شېكەر (يانتاق شېكىرى) قوشۇپ سوغۇق ئورۇندا ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن، ئىككىنچىدىن، ئانار شەربىتىگە لىمون قوشۇپ سوغۇق ئورۇندا ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن: ئۈچىنچىدىن، گىرەملەردە مۇزلىتىپ ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كىشىلەرنىڭ مۇزلىتىپ ساقلايدىغان گىرەملىرى بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى ئېچىتىپ ئىچىملىك ياساش بىلەن تۆگە سۈتى، ئات سۈتلىرىدىن قىمىز ياساش، سۈتتىن سېرىق ماي، ئېرىمچىك، قۇرۇتلارنى سۈزۈۋېلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەرلىرىگە پۇختا ئىدى. مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا يۇرتىمىزدا، تېرىقتىن بوزا ئىشلەش، ئات سۈتى ۋە تۆگە سۈتلىرىدىن قىمىز ئىشلەش ئەنئەنىۋى ھۈنەرگە ئايلانغان. «ئات سۈتى ئېچىتىپ قىمىز ياساش، تېرىقنى ئېچىتىپ بوزا ياساش، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقانىدى»⑦.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىن، مىلادىيىدىن كېيىنكى 2-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قويۇق ئىدى، غەربىي يۇرتتىن نۇرغۇن دورا ماتېرىياللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلغان. «خەننامە» 877-بەتتە «پەرغانىدىن ئۈزۈم شارابى چىقىدۇ. بايلىرى 10 مىڭ كۈبتىن كۆپرەك شاراب ساقلايدۇ. بۇ شارابلار نەچچە ئون يىل تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدۇ، پەرغانىلىكلەر شاراب خۇمار كېلىدۇ» دەپ مەلۇمات بەرگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن كىتابقىمۇ «پەرغانىدە ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەيدۇ» ⑧ دەپ يېزىلغان.

غەربىي خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جاڭچيەن غەربىي يۇرتتىن ئۈزۈم ئۇرۇقىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆستۈرۈشكە باشلىغان، ئۇلار دەسلەپتە «ئىستېمال مەقسىتىدە خەن ۋۇدىنىڭ چاھار باغچىسىدا ئۆستۈرۈپ، ئاندىن تەدرىجىي كېڭەيتكەن»⑨. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەسلىدە «ياۋا ئۈزۈم بولۇپ، مېۋىسى كىچىك، ئاچچىق، ئىستېمال قىلىشقا بولمايتتى»⑩. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئۈزۈم شارابى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرلەردىن باشلاپ، مىلادىيىدىن كېيىنكى 3-ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. «ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا قەدىمكى ۋاقىتتا ئۈزۈم ئاجايىپ غەيرىي يېمەكلىك ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

فرانسىيە كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىر پارچە تۇبۇتچە ھۆججەتنىڭ مەلۇم قىسمىدا «ئاق قېيىن دەرىخىدىن تەپچىرەپ چىققان سۇيۇقلۇقتىن مەي ياسايدۇ يەر شارائىتى خەتەرلىك»⑪ دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىدە «غەربىي دىيارنىڭ ئۈزۈملىرىنىڭ سېرىق، ئاق، قارىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تۈرى بار ئىدى»⑫ دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەرمۇ تارقىلىپ يۈرگەنلىكى، ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۈزۈمنى تازا تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىنىڭ مىسالى. «مىلادىيىدىن كېيىنكى 5-ئەسىرلەردە ئۈزۈمنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئۆستۈرۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇھىم دېھقانچىلىق زىرائىتى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئېچىتىپ ھاراق ئىشلەش چۈشىنىكسىز بىر خىل ئىش تۈرى بولغاچقا، ئۈزۈم ھارىقى يەنىلا غەربىي يۇرتتىن كىرگۈزۈلەتتى»⑬. تاكى (7-ئەسىرلەرگە كەلگىچە تاڭ پادىشاھى ئىران ۋە تۈركىي مىللەتلىرى زېمىنىغا كېڭەيگىچە بولغان ئارىلىقتا «ئۈزۈم، شۇنىڭدەك ئۈزۈم ھارىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ناھايىتى ئاز ئىدى»⑭. ھەتتا تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىمۇ، «ئۈزۈم غەرب بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشنىڭ ۋاسىتىسى»⑮ بولۇپ كەلگەن. «ئۈزۈم نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ھازىرقى تۇرپاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كىرىلىدىغان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ئاساسىدا، تاۋار-دۇردۇنلارغا ئۈزۈم سۈرىتى چۈشۈرۈش، مەنزىرىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈنلا پايدىلىنىپ كېلىنگەن»⑯.

«قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر» دېگەن كىتابتا ئۈزۈم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۆرنەكلەرنىڭ ئادەمنى ناھايىتى جەلپ قىلارلىق ئىكەنلىكى ھەمدە داڭقى بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. لېكىن تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئۈزۈمى ۋە ئۈزۈم ھارىقى «ئەسلىدىكى تەمنى يوقىتىپ پالما شىرنىسى ۋە ئالما شەربىتىنىڭ تەمنى بېرىدىغان»⑰ بولۇپ قالغانلىقى، تاكى تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىشنى بىلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تاللانمىلارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ ئىلگە ئەڭ بۇرۇن كىرگۈزۈلگەن ئۈزۈم، مۇنەقە ئۈزۈم بولۇپ، بۇ يابغۇ خانىنىڭ 647-يىلى باھاردا ئېلىپ بېرىلغان سوۋغىتى ئىدى. خۇددى تاڭ دەۋرىدىكى شائىر دۇفۇنىڭ «ئۈزۈم پىشتى»، «بېدە كۆپ»⑱ دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك «ئۈزۈم پىشىشقى»، «بېدە ئورامى» ئۇلار ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئىدى. ئىدىقۇتتا ئۈزۈم ھارىقى كۆپ چىققانلىقتىن مىللىي ئەنئەنىۋى بەزمىلەر بولۇپ تۇراتتى. «مىلادى 641-يىلى (جىنگۇەنىڭ 14-يىلى 12-ئاي) ئىدىقۇت خانى ئىدىقۇتنىڭ سازەندىلىرى بىلەن بىرگە، ئۇرۇشتا ئالغان غەنىيمەتلىرىدىن بەزىلىرىنى تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاندا، تاڭ تەيزۇڭ چاڭئەندە ئۈچ كۈن ئۇدا شاراب بەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، شاراب بايرىمى قىلىپ بەرگەن»⑲.

ماركوپولو «ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا جيۇچۈەن (بور بولاق) توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان: «خەن ۋۇدى بىر كۈپ ئېسىل ھاراقنى ھونلارغا قارشى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن گېنېرال خۇچۈيبىڭغا ئىنئام قىلغانىكەن... ئۇ ئىنئام ئالغان ھاراقنى ھەممىمىز تەڭ ئىچىشىمىز كېرەك دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھاراق ئادەم بېشىغا بىر تامچىدىنمۇ توغرا كەلمىگەچكە، شۇڭا ئۇ بىر كۈپ ھاراقنى ئالتۇن بۇلاق (بور بولاق)قا تۆكۈپتۇ. ئاندىن سەركەردە ئەسكەرلىرىگە بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئالتۇن بۇلاقتىن ھاراق ھىدى كېلىدىكەن»⑳.

«كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە «كۆزىيى مەي كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچتى ھەمدە ئۇلارغا رەڭدار سەللە سوۋغات قىلدى»㉑ دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە بارغۇت قويۇنىنىڭ تەرجىمىھالى»دا «بارغۇت قويۇن كەيپ بولۇپ قېلىپ، «ئۇسسۇلغا چۈشتى، غۇلام ئۇنىڭغا رەڭدار سەللە تۇتتى»㉒ دەپ خاتىرىلەنگەن. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ دەۋرىدە چاڭئەندىكى ھاراق ماگىزىنلىرىدا پارسلاردىن كىرگۈزۈلگەن ھېلىلىدىن ئېچىتىلغان ھاراقلار ۋە ناگا (ئارجۇنا) ھارىقى قاتارلىق ئاجايىپ ھاراقلار ۋە تاش ئالما شەربىتى، پالما شەربىتى، جۇڭگو پالمىسى ئىچىملىكى ۋە گالىنكا دۆلىتىدىن چىقىدىغان ھاراقلار، غەربىي يۇرتنىڭ ئۈزۈم ھارىقى بار ئىدى. بۇ خىل ھاراقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەچكە «ئۇ ھاراقلارنىڭ بەزىلىرىنى تېتىپ باققان كىشى يوق ئىدى»㉓، سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان ھاراقلار ئىچىدە مۇھىمى يەنىلا «ئىدىقۇتنىڭ ئۈزۈم شارابى ئەتىۋارلىق ئىدى»㉔.

دىيارىمىزنىڭ ئۈزۈم شارابى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خېلى داڭق چىقارغان. «دۆلىتىمىز ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» دېگەن كىتابتا ئۈزۈمنى تاۋار سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ، «ئۇنىڭدىن ھاراق ياسىغىلى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن، «ۋىنامە، ئىدىقۇت تەزكىرىسى» (—) دېگەن كىتابتا شىنجاڭدىن چىقىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلار توغرىسىدا توختالغاندا «ئۈزۈمى مول، ھارىقى كۆپ، سودىگەرلەر ۋە ئەلچىلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلسىلا ھاراق ئالغاچ كېلەتتى. بۇ كىشىنى خۇشال قىلاتتى»㉕ دەپ خاتىرىلىگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەگەر ئىچىملىك بار دېيىلسە «خەن دەۋرلىرىدىن بۇرۇنمۇ تەمى تاتلىق گۈرۈچ شارابى بار ئىدى» ㉖. جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇنقى ھاراق ئىدىقۇتتىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بەجاقى ئۈزۈم ھارىقى بولۇپ، ئۆزلىرىدىكى ياۋا ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەش خېلى كېيىنكى ئىش ئىدى. «چۈنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر ئۈزۈم پوستىدا ئېچىتقۇ بارلىقىنى، ئېچىتقۇ قوشمىسىمۇ، ئۈزۈمنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئېچىيدىغانلىقىنى خېلى ئۇزاققىچە بىلەلمىگەن㉗ لىكى ئۈچۈن ئېچىتقۇ قوشۇپ ھاراق ئىشلىگەچكە «تەمى يەنىلا ئىدىقۇت ھارىقىنىڭ تەمىگە يەتمەيتتى»㉘. ھاراق ئۇلار ئۈچۈن ئالتۇنغا باراۋەر ئىدى. «مىڭتۇ ئىسىملىك بىرسى بىر ئەمەلدارغا بىر كۈب ھاراق بەرگىنىدە، ئۇ ئەمەلدار مىڭتۇنى ئايماق بېگىگە ئۆستۈرگەن»㉙. بۇ ۋەقە ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىدىن كېيىنكى ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. مىلادى 3-ئەسىردە ساۋبى دوستلىرىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە «نازۇ - نېمەتلەر كۆپ ئىكەن. ئۈزۈم ھارىقى گۈرۈچ ھارىقىدىن تەملىك بولىدىكەن. ئادەم ئاسان خۇش كەيپ

بولۇپ ئاسان يېشىلدىكەن»㉚ دەپ خاتىرىلىگەن.

ئۈچ دۆلەت مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدا كۆپلەپ هاراق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاللانمىلارغا ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەردىن ئىلگىرى ۋە كېيىن جۇڭگودا ئۈزۈم هارىقى ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدا بىرەر يازما ماتېرىيال يوق، بەلكىم بۇ هاراق گۈرۈچتىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

شيەنچىڭنىڭ 4-يىلى (مىلادى 659-يىلى) يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورا- گىياهلار «يېڭى تۈزۈلگەن شىپالىق دورىلار» دېگەن كىتابتا «پەقەت ئۈزۈم هارىقىلا ئېچىتقۇ قوشۇلمايدىكەن»㉛ دەپ خاتىرىلىگەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى جەنۇبىي تۈركمەنىستان (نامازغە ــ توپە)دا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-، 4-ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان ئۈزۈم ئۇرۇقلىرىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭدىن باشقا خارەزمنىڭ «قوي قىرىلغان قەلئە»دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردىن مىلادىدىن كېيىنكى 4-ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان ئۈزۈم ئۇرۇقلىرى، «سوقما تام قەلئەسىدىن مىلادى 3-، 4-ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان ئۈزۈم ئۇرۇقلىرى»㉜نى تېپىۋالغان. ئۇنىڭدىن باشقا «جەنۇبىي تۈركمەنىستاننىڭ كونا نىسا شەهەر خارابىلىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-، 2-ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان پادىشاھنىڭ ئۈزۈم هارىقىنى ساقلايدىغان ناهايىتى چوڭ بىر يەر ئاستى قازناق تېپىۋېلىندى»㉝.

1959-يىلى قەدىمكى نىيە خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا تېپىۋېلىنغان «يۇڭ توقۇلما رەختكە چۈشۈرۈلگەن ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى، مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈملەرنى قاڭشارلىق ئۇرا كۆز بىر كىشىنىڭ سېۋەت كۆتۈرۈپ ئۈزۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا بىر قوينىڭ تۇرغانلىقىنى»㉞ كۆرگىلى بولىدۇ. 1960-يىللاردىن بۇيان تۇرپان ئاستانىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە بۇ جايدىكى «IV—IX ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى قەبرىلەردىن ئۈزۈم ئەۋرىشكىلىرى خېلى كۆپ تېپىۋېلىندى»㉟. 1985-يىلى 12-ئايدا تۇرپان ئاستانىنىڭ شىمالىدىكى «قارا غوجا قەدىمكى قەبرىلەردىن جەسەت ساندۇقىنىڭ تەكتىگە سېلىنغان ئۈزۈم تەكلىرى تېپىۋېلىندى»㊱.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان رەسىملەردىن تۇرپان سىڭگىم مىڭئۆي ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە تام- تورۇسلارغا ئۈزۈملۈك مەنزىرىسى سىزىلغان. «ستەيننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىلىرى» («ستەيننىڭ غەربىي دىياردىكى ئاخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى») دېگەن كىتابنىڭ «8-بېتىدىكى فوتو سۈرەتلەرنىڭ بىر بۆلىكىدە ئەينى زاماندىكى ئۈزۈملۈك باغنىڭ قالدۇق خارابىسى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى خارابىلىككە ئايلانغان ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، بۇ هازىرغىچە ئېنىقلانغان تەكلىماكاندىكى ئەڭ قەدىمكى ئۈزۈملۈك باغ»㊲ بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


① قۇربان ۋەلى: «شىنجاڭ گېزىتى»، 1989-يىل، 11-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى ماقالىسىدىن.

② ③ ④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مەي مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1994-يىل، 1-سان، 40-، 41-بەتلەر.

⑤ ⑫ ⑬ ⑭ ⑮ ⑯ ⑰ ⑱ ⑲ ㉓ شىپ: [ئامېرىكا] «تاڭ دەۋرىدە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتلەر»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995-يىل. 309-، 310-، 312-، 313-بەتلەر، (خەنزۇچە).

⑥ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1995-يىل، 1-سان، 28-بەت.

⑦ ⑧ ۋاڭ شياۋشيەن: «يىپەك يولىدىكى ئىلمىي ئالماشتۇرۇش تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل 38-، 71-بەتلەر.

⑨ ⑩ ㉔ ㉕ ㉗ ㉘ ㉚ ㉛ ساۋ يۈەنيۇ: «جۇڭگو خىمىيە تارىخىدىن پارچىلار»، جياڭسۇ پەن- تېخنىكا نەشرىياتى، 1979-يىل، 232-، 237-، 238-بەتلەر (خەنزۇچە).

⑪ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988-يىل، 189-بەت.

⑳ ماركوپولو: «ساياهەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1983-يىل، 91-بەتلەر.

㉑㉒ ياڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل، 292-بەت (ئۇيغۇرچە).

㉕ «خىمىيە تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىلىم- پەن نەشرىياتى، 1980-يىل، 81-بەت.

㉜ ㉝ ㉞ ㉟ ㊱ ㊲ ئابدۇكېرىم غوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل، 146-، 147-، 148-، 149-بەتلەر.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە - سانائەت ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# ئۇيغۇرلاردىكى ئوچاق ۋە تونۇر

ئابدۇكېرىم تۇردى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن.

«ئوچاق» ۋە «تونۇر» ئەنە شۇ مىللىي مىراسلارنىڭ بىرىدۇر.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «ئوچاق» ۋە «تونۇر» ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. «دىۋان»دا «ئوچاق»دېگەن سۆز 11 - ئەسىردە يەنە «ئۇچاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1 - توم، 88 - بەت).

«ئۆركۆچلەندى»، «ئاشچ — ئۆركۆچلەندى» قازان ئۈچ پۇتلۇق ئوچاققا ئېسىلدى (ئۆركۆچلەنۇر — ئۆركۆچلەنمەك) («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1 - توم، 411 - بەت).

كۆچمە ئوچاق — بىر ئورۇندىن ئىككىنچى يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئوچاق «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1 - توم، 638 - بەت.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەلەمىگە ئېلىنغان، بىباھا ئۇچۇرلارغا قارىغاندا «ئوچاق» ۋە «تونۇر» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كېلىپ چىققان بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يارقىن ئىپادىسى. شۇڭا ئۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ھالقىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، يېڭىلىنىپ تۇرمۇش ئېھتىياجىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئاددىي يەرلىك مۈلۈك. ئۇيغۇرلار، يېمەك - ئىچمەك توغرىسىدا گەپ - سۆز چىقسىلا ئەڭ ئاۋۋال ئاتا - ئانىمىز شور ئوچاققا يېقىپ پىشۇرۇپ بەرگەن سەرخىل «نان»، ئاندىن پولۇ، مانتا، گۆش، چۆپ، چۆچۈرە، كاۋاپ، لەڭمەن، سۇيۇقئاش، ياما، ئۇماچ قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان سەرخىل تاماقلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بىراق شۇ خىل ئېسىل نازۇ - نېمەتلەرنى تەييارلايدىغان ئەنئەنىۋى ئاددىي يەرلىك مۈلكىمىز «ئوچاق» بىلەن «تونۇرنى» كۆز ئالدىمىزغا ئانچە كەلتۈرمەيمىز. قەدىمىي دەۋرلەردە گۆش، سۈت، قېتىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاساسلىق يېمەك - ئىچمىكى بولسىمۇ، ئۇنى ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن «ئوچاق» بىلەن «تونۇر»نى ئۆزلىرى ياسىغان (سالغان).

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئوچاقلىق — تىتىك» دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىپ، «ئوچاق» «تونۇر»نى سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سېغىزلاي دەپ ئىزاھات بېرىشىدىن مەلۇم بولىدىكى: بەزى ئوچاقلار تامنىڭ ئىچىگە ۋە تامغا چاپلاپ سېلىنماستىن، ئۆينىڭ ھەرقانداق بىر چېتىگە «تونۇر» شەكلىدە سېلىنغان. ئۇنداق ئوچاقلارنى «كۆچۈرمە ئوچاق» دەپ ئاتايدىغانلىقى ئەل - ئاۋامغا مەلۇم. ئۇ خىل ئوچاقلارنى كۆچمەنلەر ئىشلىتىپ كەلگەن. «ئوچاق»، «تونۇر» سېلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي بىناكارلىق سەنئىتى.

ئوچاقنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا ئاساسەن خىلمۇخىل شەكىلدىكى «ئوچاق»لارنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئومۇملاشقانلىرى:

**1. شور ئوچاق:**

شور «ئوچاق»نى سېلىشتىن بۇرۇن شور «ئوچاق» سېلىنىدىغان ئۆينىڭ تۆر، تۆشۈك، پەگاھ، سۇپىلارنى ئوبدان پىلانلاپ قۇم ئارىلاش توپا ئەكىلىپ چىرايلىق ئوچاق قېلىپى ياسىلىدۇ. ئاندىن چۆللۈكتىن شور ئەكىلىپ قاتتىق يەرگە تۆكۈپ كالتەك، توقماق، پالتا قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇپ ئېزىپ، ئۆتكەمە، غەلۋىر قاتارلىقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، يۇمشىقىنى بۇغداي چەشلىگەندەك يوغان سولياۋ داستىخان ئۈستىگە دۆۋىلەپ، يوغان كاساڭ (تەڭلە)، داس قاتارلىق بىر نەرسىگە ئېلىپ، قوناق ئۇنىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرغاندەك قولدا مىجىپ يۇغۇرۇپ، زۇۋۇل تۇتۇپ راسلاپ، ئوچاق قېلىپىنىڭ ئۈستىگە كاچات-

لاپ ياپىلاق قىلىپ تامچى تامنى چاك باستۇرۇپ خىش قويغاندەك شور قويۇپ سالىدۇ، ئوچاق پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قېلىپىنى ئېلىۋېتىپ ياغاچ كېپەكى ياكى قۇرۇتۇلغان كالا تېزىكى، ئوتۇن چېپىندىسىغا ئوت يېقىپ ئىسسىقا راسا تويغۇزۇپ قازان ئېسىپ تاماق ئەتسە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «نان»، «قاتلىما نان»، «سامسا»، «گۆش كاۋاپ» قاتارلىقلارنى يېقىپ پىشۇرغىلى بولىدۇ.

**2. ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ئوچاق:**

شور «ئوچاق»قا ئىشلەتكەن شورغا ئوخشاش ھەرلىك شورنى ئەكىلىپ ئېزىپ ئاندىن تاسقاپ ئىككى سانتىمېتىرلىق گازىر شېغىل، بىر سانتىمېتىرلىق بوغداي شېغىل، قۇرۇلۇش قۇمى، سېمونت قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق نىسبەتلەشتۈرۈپ، گۈرجەك بىلەن ئۇرۇپ، ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئۈزلەشتۈرۈپ پارچە-پارچە، پارچىلىنىدىغان لوسا بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان تۆمۈر قېلىپنىڭ ئۈستىگە ئارىلاشما لايىنى چاك باستۇرۇپ قويۇپ، بىر - ئىككى كۈن ئۆتۈپ، قويغان لاي سەل پەل قېتىشقاندىن كېيىن قېلىپىنى ئېلىپ ئوچاقنى ئىسسىقا تويغۇزۇپ ئاش تاماق ئەتسە بولىدۇ.

**3. خىش (كېسەك) ئوچاق:**

تۆت سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تۆمۈردە پارچىلىنىدىغان ئەگمە ياساپ، ئۇنى چازا بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ئوچاق سالىدىغان جايغا ماكانلاشتۇرىدۇ، ئاندىن كۆلالچىلار (تاۋاقچىلار) ئىشلەتكەن سېغىزنى سوقۇپ، تېرىق تاسقايدىغان غەلۋىردە تاسقاپ، يۇمشاق سېغىزغا ئازراق نىسبەتتە توزغاق ياكى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈلگەن يۇمشاق سامانى ئازراق، قۇرۇلۇش سېمونتىنى ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ پۈتۈن كېسەكنى ئىككى پارچە قىلىپ كېسەكنى چۆرۈلدۈرۈپ چاك باستۇرۇپ بىر چۆرۈم-بىر چۆرۈمدىن ئېتىپ پۈتكۈزىدۇ. بۇ ئوچاق شور يوق ياكى شور قىس جايلاردا ۋە قىش كۈنلىرى سېلىنىدۇ.

بۇ ئوچاققا ياققان «نان» ئىنتايىن تەملىك پىشىپ چىقىدۇ، ئېغىزغا تېتىيدۇ.

**4. سېغىزلاي ئوچاق:**

بۇ ئوچاق سېغىز لايدا سېلىنىدۇ. بۇ ھەرقانداق ئىشقا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئاددىي ئوچاق، قەدىمكى زاماندا «نان» يېقىپ «گۆش» پىشۇرۇپ يېيىلگەن.

**5. كۆمەچ ئوچىقى:**

بۇ كۆمەچ ئوچىقى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تام ئىچىگە چىقىرىلغان «يان مورا» دېگەن مورىنىڭ ئۇدۇلىغا سېلىنىدۇ. مورىنىڭ ئۇدۇلىنى تېپىپ تۈزلەپ تۆت چۆرىسىنى ئۈچ-تۆت سانتىمېتىر ئېگىزلىتىپ شورنى سوقۇپ، قاتتىق تۈزدىن ئازراق ئارىلاشتۇرۇپ، 10-15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شور لايىنى سېلىپ سۇۋاپ سىلىقلاپ ياسىلىدۇ ۋە شۇ ئائىلىدىلا كۆمەچ پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆمەچ پىشۇرۇش تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

مەسىلەن، كۆممىقوناقنىڭ ئۇنىغا ئاز نىسبەتتە ئاق ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر تەييارلاپ، سېمىز قوينىڭ گۆشىنى، پىيازنى توغراپ قىيما قىلىپ ئۇنىڭغا ئاق مۇچ، قارامۇچ، زىرە، ئاش كۆكى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ دۇملەپ قويۇپ، مورا ئوچاققا ئوت قالاپ، سېلىنغان شورنى قىزىتىپ، چۈشكەن چوغلارنى ئوچاقنىڭ كۆلۈكىگە سىيرىپ چۈشۈرۈپ قويۇپ تۇرۇپ، شورنىڭ ئۈستىنى سۈپۈرگە بىلەن پاكىز سۈپۈرۈپ، خېمىرنى چەينەكتەك زۇۋۇلا تۇتۇپ، قازاننىڭ تۆۋىنىدەك ئېچىپ ئۇنىڭغا قىيمىنى تۆكۈپ، ئىككىنچى زۇۋۇلىنى لېگەندەك ئېچىپ قىيما ئۈستىگە يېپىپ چۆرۈلدۈرۈپ چىمدىپ خېمىرنى ھىملاپ، ئۈستىگە قوناق ئۇنىنى سېپىپ، تاسقالغان كۆل ئىچىگە قويۇپ، ئۈستىگە لاۋۇلداپ تۇرغان چوغنى ئېلىپ چۈشۈرىمىز. پىشقاندا تۆت قول كەڭلىكتىكى خەنجەر شەكىللىك كۆمەچ ئالغۇچ بىلەن پەملەپ ئېلىپ لېگەن ئۈستىدە قويۇپ، پۈدەپ لۆڭگە بىلەن ئۇرۇپ ئادالايدۇ ياكى ۋېلىسىپىتكە يەل بېرىدىغان ناسوس بىلەن پۈدەپ ئادالايدۇ.

ئاندىن داستىخاننى كەڭرى سېلىپ لېگەن ئۈستىدىكى كۆمەچنى پىچاقتا كېسىپ پارچىلاپ سۈت چاي، شېكەر چاي ياكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**6. تۆمۈر ئوچاق:**

بۇ 200 كىلولۇق ياغ تۇڭىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ چوتىنىڭ سېپىدەك تومۇقتا ئۈچ پۇتنى سۇۋاركىلاپ ياسايدۇ. خالىغان جايغا يۆتكەپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئوچاق چارۋا بوداقچىلار، بىنەم ئاچقۇچىلار، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، ھاشار، يەنى يول ياساش، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئوچاق.

**7. شالالىق ئوچاق (ئۆرە ئوچاق):**

بۇ ئوچاقنىڭ ئوت قالايدىغان يېرىنى ئۆلچەپ چوتىنىڭ سېپىدەك تۆمۈرنى بىر غېرىچ، ئىككى غېرىچتىن كېسىپ قاتارى تىزىپ سۇۋاركىلاپ ئوچاققا قويۇلىدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئوچاق كۆلى ئارىلىق - ئارىلىقتىن

www.uyghurkitap.com



پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئوچاق تېگىدىن ھاۋا ئۆرۈپ ئوت بەك كۆيىدۇ، بۇ ئوچاق ئۇستىلارنىڭ قولىدا ياسىلىدۇ، بۇنىڭغا ئوتۇن، كۆمۈر ئاز كېتىدۇ، بۇنىڭدا ھەرقانداق تاماق ئەتكىلى بولىدۇ.

**8. خان ئوچاق:**

بۇ ئوچاق مېھمانساراي ئۆيگە، تام جاۋەن شەكلىدىكى مورىنىڭ ئىچىگە ئۇستامنىڭ قولى بىلەن ياسىلىدۇ. يەرلىك شور، بۇغداي شېغىل سېمونت، قۇم نىسبەتلەشتۈرۈپ شۇ ئۆيدىكى مىس قازانغا باب ھالدا سېلىپ ئوچاق بېشىغا قەنت شەكىللىك ئاق چىنە خىشنى بېسىپ ئوچاق بېشىنى بېزەپ، كۈلۈكىنى يېرىم شار شەكلىدە چۆرۈپ، نېپىز تۆمۈرنى ئېگىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مورا بېشىغا چىرايلىق گۈللۈك رەختتە پەردە تارتىپ قويۇلىدۇ. تۆشۈك سەرەمجانلارنى مەخسۇس تۆمۈر جاھازىغا ماكانلاشتۇرۇپ، ئەتىۋارلىق مېھمانلارنى باشلايدۇ. بۇ «ئانا ئوچاق» بىر يىلدا بىر-ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوچاقتىن باشقا، تونۇر ئوچاق، چويۈن ئوچاق، توك ئوچاق، چالما ئوچاق، كولىما ئوچاق، يەرلىك ئوچاق، ئىدىش ئوچاق، كان ئوچاق، كۆلچەك ئوچاق، مورا ئوچاق، خۇمدان ئوچاق، ئىسلاق ئوچاق، ئىسرىقدان ئوچاق، چولڭ خۇمدان ئوچاق، زەرگەر ئوچاق قاتارلىق ئوچاقلارمۇ بار.

«تونۇر» شورىدىن ياكى ئوتقا چىدامىلىق سېغىز لاي ياكى خىشتىن يېرىم شار شەكلىدە سېلىنغان ئۈستى ئوچۇق، كۆل، ئوت تارتىدىغان داپخانىسى بار ئىچىگە ئوت يېقىپ قىزىتىپ نان ۋە كاۋاپ پىشۇرىدىغان ئاددىي يەرلىك قورۇلما مۈلۈك «تونۇر» دېيىلىدۇ. بۇ ئوچاق شامال، بوران تەگمەيدىغان، قار-يامغۇر ئۆتمەيدىغان، چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلىنمايدىغان پاكىز، كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان ئورۇنغا سېلىنىدۇ.

تونۇرنىڭ سېغىز لاي تونۇر، شور تونۇر، پىششىق خىش تونۇر، تۆمۈر تونۇر، چويۈن تونۇر، ئىدىش تونۇر، كۆپ تونۇر، شالالىق تونۇر، شېغىل تونۇر، ئارىلاشما تونۇر، ئورا تونۇر، ئىسلاق تونۇر، خۇمدان تونۇر، گەمە تونۇر... قاتارلىق تۈرلىرى بار.

تونۇر كۈندىلىك مەھەللىۋى تۇرمۇشتا ھەمكارلىق، تۇغقانچىلىق، ئىتتىپاقلىق، قوشنىدارچىلىقنىڭ ۋاستە شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەر-ئاياللىرى «نان» يېقىشقا بەكلا ئۇستا.

ئۇيغۇرلار تونۇر سېلىشقا تەرەددۇت قىلغاندا مەھەللىدىكىلەر ئولىشىپ قېلىپ توپىسىنى ئەكىلىش، تونۇرغا قېلىپ ياساش، (توپىدا) شور سوقۇش، تاسقاش، شور يۇغۇرۇش، تونۇرنىڭ سۇپىلىرىنى ئېتىش، كاكۇل لاي بىلەن سۇۋاش، ئۇستىگە لاي سېلىش، شورنى قېتىشتۇرۇپ قېلىپىنى ئېلىش، ئىسقا تويغۇزۇش، قورۇتۇش، تۇزغا تويۇندۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. تونۇر پۈتۈپ، رەسمىي تونۇر قىزىتىدىغان كۈنى مەھەللىدىكىلەر يۇيۇنۇپ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ تونۇر سۇپىسى ئۇستىگە چىقىپ پىرە ئوينايدۇ، بىر-بىرىگە چاي تۇتۇپ، «بېيت»، «تېپىشماق»، «قوشاق» ئېيتىشىپ خۇشاللىق بىلەن كۆيۈۋاتقان ئوتنى چۆرگىلەپ، تونۇرنىڭ ھارارىتىنى كۈن نۇرىغا سېما قىلىدۇ.

«تونۇر»نى تۇنجى قىزىتىدىغان كۈنى يېقىلىدىغان نان گاس نان يەنى «تۇز»مۇ دەيدۇ. شۇ كۈنى گاس ناننى يېقىپ پىشۇرۇپ داستىخاننى كەڭرى سېلىپ بىر نەچچە ناننى ئۇشتۇپ «ئالسىلا، باقسىلا» بىلەن ھەممە كىشى يەيدۇ. تونۇرنىڭ بېشىغا چىقالمىغان كېسەل، ئاجىز، مېيىپ، يېتىم-يېسىر ۋە تۇل ئەر-ئاياللارنىڭ نېسىۋىسىنى قولىغا تەگكۈزىدۇ. گاس نان بەرگەن كۈنى يېڭى تونۇرنىڭ بېشى خۇددى ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدەك خۇشاللىققا چۆمىدۇ. يۇمۇرلۇق گەپ-سۆزلەر، ماقال-تەمسىللەر، نەسىھەت-تەربىيە، قىسقا ھېكايە، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ھېكمەتلىك گەپ سۆزلىرى قاينايدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا كىمنىڭ نان ياقىدىغانلىقى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەر ياكى ئايال ئارقىلىق قارار قىلىنىدۇ. خۇددى مەشرەپ گۈل چېچى ئالغاندەك خۇشاللىق كەيپىياتتا نۆۋەت تالىشىپ ئاخىرىدا داستىخانغا دۇئا قىلىدۇ.

كېيىنكى قېتىمدا نان ياققانلار كۈن، ئاي، يۇلتۇز، بەش شوئار، ئادەم شەكلىدە كىچىك توقاچلارنى يېقىپ كىچىك بالىلارغا بىرىدىن تارقىتىپ بېرىدۇ.

«ئوچاق»، «تونۇر» پاك چىن مۇھەببەت، خەير-ساخاۋەت، ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىق، چىن ئادىمىيلىك، چېۋەر قوللارنىڭ، ئېزگۈ تىلەكلەرنىڭ سىمۋولى.

«ئوچاق» ۋە «تونۇر» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىلىرى، ئۇ كۈنسېرى راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلىپ، دەۋر مېلودىيەسىگە جور بولۇپ تېخىمۇ ئىلغارلىققا يۈزلەنمەكتە.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# ياغاچچى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى



بۇرۇنقى زاماندا بىر ياغاچچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆز
ھۈنىرىگە ئىشتىياق باغلاپ ئىشنى پۇختا ۋە كۆركەم قىلىپ،
يىراق-يېقىندىكى خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بول-
غانىكەن. ھەتتا باشقا پادىشاھلارمۇ بۇ ياغاچچى ئۇستىنى
تەكلىپ قىلىپ ئوردا-راۋاقلىرىنى ياسىتىدىكەن. ياسالغان
ئوردا-راۋاقلار پادىشاھلارنىڭ ئويلىغانلىرىدىنمۇ ياخشى
پۈتۈپ چىققاچقا، ياغاچچى ئۇستامنىڭ ئىش ھەققىنى بىر
ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىدىكەن. ياغاچچى ئۇستامنىڭ
مۇنداق بىر ئادىتى بولۇپ، پادىشاھلار ۋە كاتتا باي سو-
دىگەرلەردىن مۇۋاپىق ئىش ھەققى ئالىدىكەن. لېكىن
غېرىب-مىسكىن كەمبەغەللەردىن قىلغان ئىشقا ئىش
ھەققى ئالمىغانىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارغا پادىشاھ ۋە بايلاردىن
ئالغان ئىش ھەققىنى خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرىدىكەن. يا-
غاچچى ئۇستامنىڭ بۇ سېخىيلىقىغا ھەممە كىشىلەر ئاپىرىن
ئېيتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ياغاچچى ئۇستام ھۈنىرىدىن تو-
لىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدىكەن. ياغاچچى ئۇستامنىڭ بۇ
ياخشى پەزىلەتلىرىدىن كىشىلەر بالىلىرىنى ھۈنەر ئۆگىنىش-
كە شاگىرتلىققا بېرىدىكەن. ياغاچچى ئۇستاممۇ كۆڭۈل
قويۇپ زېرىكمەي ئۆگىتىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان شا-
گىرتلارنى تەربىيەلەپ، ئۆزىگە ئوخشاش پەزىلەتلىك
ئۇستىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇ. لېكىن
بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنىڭ با-
لىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ تولىمۇ تەكەببۇر، ھۇرۇن ۋە
ئەقىلسىز بالا ئىكەن. ياغاچچى ئۇستام ھەممە شاگىرت-
لىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلسىمۇ، ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ
بالىسى بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ «ماڭا ياخشى قارىماي-
دۇ» دەپ ئاتىسىغا چاقىدىكەن. ئۇ بالىنىڭ ۋە ئۇستا-
زىنىڭ خۇي-پەيلىنى ياخشى بىلىدىغان ھېلىقى ئەمەل-
دار بالىسىغا ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىپ ئۇستازىغا
ھۆرمەت قىلىشنى، باشقا شاگىرتلىرى بىلەن چىقىشىپ
ياخشى ھۈنەر ئۆگىنىشنى جېكىلەپ ماڭدۇرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۇستازىنىڭ قايتا-
قايتا نەسىھەت قىلىشى ئارقىلىق ئاخىر بۇ بالىمۇ ئۇستا يا-
غاچچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى تەكەب-
بۇرلۇق خۇيىنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى
ھېلىقى ئوردا ئەمەلدارىنىڭ ئوغلىمۇ باشقا شاگىرتلار بىلەن
بىرگە ئۇستىلىرىدىن دۇئا ئېلىپ ئائىلىسىگە قايتىپتۇ. شۇ-
نىڭدىن ئېتىبارەن شەھەرمۇ شەھەر ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسە-
تىپ كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. شۇنداق كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە شاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە كاتتا باي-
لارنىڭ بىر سۆھبىتىگە ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ ياغاچچى بالى-
سىمۇ تەكلىپ قىلىنىپتۇ. يەپ-ئىچىپ، نەغمە ناۋا قىلىپ
كۆڭۈل ئېچىشىپتۇ. بىر كەمدە سورۇندىكى ھەممە كىشى-
لەر مەينىڭ كەيپىدىن ئۆزئارا سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ. ئارى-
دىن بىرى ھېلىقى ياغاچچى بالىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ھۈ-
نەردە ئۇستىلىقىنى سۆزلەپ خېلى ماختاپتۇ. ياغاچچى بالى-
مۇ خۇش كەيپ بولغاچقا ئۆزىنىڭ ھۈنەر-سەنئىتى توغرى-
سىدا خېلى سۆزلەپتۇ. بارچە مېھمانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا
قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇ شۇنداق سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرى-
دا ئۆزىنىڭ ئۇستازىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ماھارەتكە

ئەگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى بۇنىڭغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئاردىن بىرى «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇپتۇ دەپتۇ. بىر قىسىم پادىشاھلار ۋە ئۆلىمالار بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. ئۇلار ئاشۇ ئۇستاز بولمىسا بۇ شاگىرتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ گەپكە ئارىلىشىپتۇ. ھېلىقى بالا مۇشۇ سورۇنغا ئۇستازنى چاقىرىپ كېلىپ ئولتۇرغانلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۇستازىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ. ھەممەيلەن بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ ياغاچچى ئۇستىنى چاقىرىپ كېلىپتۇ.

ھايال ئۆتمەي ياغاچچى ئۇستا ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە چاقىرىلغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە شاگىرتىغا ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. شاگىرتى ئەتراپىغا قارىغانىكەن. سورۇندىكىلەر «قېنى ئۆز كارامىتىڭنى كۆرسەتمەمسەن، نېمە تەمتىرەپ تۇرىسەن» دېگەندەك تىكىلىپ قارىشىپتۇ. شۇ ئارىدا بىر پادىشاھ «ئىشنى يەنىلا باشتىن باشلىغان تۈزۈك. شۇڭا ئاۋۋال ئۇستاز ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ بەرسۇن» دەپتۇ. بۇ گەپكە سورۇندىكى ھەممە كىشىلەر قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇستام ھۈنىرىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ ۋە شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك شاگىرتىم، مەن سىزگە يېتىشەلمەسلىكىم مۇمكىن، لېكىن كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي بولمىدى. ئۇنداق بولسا سىز مۇشۇ مەن ئولتۇرغان كۆرپىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ ئاندىن ماڭا بىرەر شەرت قويسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ شاگىرت ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇستازى ئولتۇرغان كۆرپىنىڭ بىر تەرىپىنى ئىككى قولى بىلەن شۇنداق كۆتۈرۈپ بېشىنى كۆرپە ئاستىغا تىقىپتۇ-يۇ، ئۆزىنى باشقىلا بىر ئادەمدەك كۆرۈپتۇ. ئالدىغا قارىسا كەڭ كەتكەن چۆل-جەزىرە تۇرغىدەك، ئارقىسىغا قارىسا كۆز يەتكۈزسىز قۇملۇق، شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. قانچىلىك ماڭغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئالدىغا بىر دەرەخلىك مەھەللە كۆرۈنۈپتۇ ۋە مەھەللىگە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئاخىر مەھەللىگە كەپتۇ ۋە مەھەللىنىڭ يېنىدىكى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان تاغ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ بىر پەس ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، مەھەللىدىن قاپاق، نوگاي كۆتەرگەن بىر ئايال سۇ ئالغىلى ئۆستەڭ بويىغا چىقىپتۇ ۋە ھېلىقى بالىنى كۆرۈپ سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. بۇ بالا ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئايال دەرھال داستىخان سېلىپ، چاي قۇيۇپ مېھمان قىپتۇ. ئاخىرىدا: «سىلە تولىمۇ ئوبدان كېلىپلا، مەن تېخى ياتلىق بولمىغان بىر قىز، شۇڭا ئوبدانراق بىر يىگىت بولسا ياتلىق بولۇۋالسام دەيدىغان نىيىتىم بار ئىدى. ئىككىمىز توي قىلىۋالساق قانداق؟» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلمىگەن ھېلىقى بالا تۇرۇپلا قاپتۇ.

قىز:

— نېمىگە قاراپ تۇرىلا، تەييارلىق قىلىپ، ھازىرلا توي قىلىۋالايلى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— مەن بىر مۇساپىر. بۇ يەرگە ھازىر كەلدىم. توي قىلغىدەك پۇلۇممۇ يوق دەپتۇ، — ھېلىقى بالا.

— ھەممە نەرسە مەندىن تويىنى ئۆزۈم قىلىمەن. سىلە پەقەت نىكاھ قىلغانلىق «ئۆز ئەمرىمگە ئالدىم» دەپ قويسىلا ئىش پۈتىدۇ. بۇ يەرنىڭ قائىدىسى شۇنداقلا، — دەپتۇ.

ئامالسىز قالغان بالا ئاخىر ماقۇل بوپتۇ ۋە قىزنىڭ دېگىنى بويىچە توي تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. بىردەمدىلا ئەر-ئايال، قېرى-ياش نۇرغۇن كىشىلەر كېلىشىپتۇ. توي باشلىنىپتۇ ۋە ھەممە كىشى ھېلىقى بالىنى مۇبارەكلىشىپتۇ. باشقىچە ئىش كۆرۈلمەپتۇ. ئاخىرىدا موللام يۇرت-جامائەت ئالدىدا ھېلىقى قىزنى بۇ بالىغا نىكاھلاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. خالايىق ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ، قىزغا يەڭگە بولغان چوكان بىلەن يىگىت-قىز ئۇچەيلەن نامازشامغىچە ئولتۇرغاندىن كېيىن يەڭگە بولغۇچىمۇ ئاستىلا كېتىپ قېلىپتۇ. قىز ئورۇن-كۆرپىلەرنى سېلىپ يىگىتنى يېتىشقا تەكلىپ قاپتۇ. يىگىت ئاياغلىرىنى سېلىپ بولۇپ كىيىملەرنى سېلىۋاتسا قىز ئۆز ئايىغى بىلەن يىگىتنىڭ ئايىغىنى ئېلىپ خەر ياغاچنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت ھەيران بولۇپ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ، قىز كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ يۇرتىمىزنىڭ مۇشۇنداق بىر قائىدىمىز بار. يېڭى توي قىلغان ئوغۇل-قىز توي قىلغان كۈنى كەشنى خەر ياغاچقا ئېلىپ قويىمىز. كېچىچە بۇ ئاياغلاردىن كىمنىڭ ئايىغى يەرگە چۈشۈپ كەتسە شۇ ئۆلىدۇ. ئايىغى چۈشمىگىنى ھايات قالىدۇ، شۇڭا قائىدە بويىچە ئىككىمىزنىڭ ئايىغىنى خەر ياغاچنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويدۇم، —

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قاپتۇ-
دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئايىغىنى يىپ بىلەن
خەر ياغاچقا مەھكەم تېڭىپ ئاندىن يېتىپتۇ. يىگىت ياتقاندىن
كېيىن قىز چىراغنى ئۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ يېتىپ
تۇرۇشىغا «پاق» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ. يىگىت بىلەن قىز
بىرگە ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغقا ئوت يېقىپ قارىسا،
يەردە يىگىتنىڭ ئايىغى تۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن قىز
ھۆركىرەپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يىگىت-
نىڭ تۇرۇپ ئاچچىقى كەپتۇ، تۇرۇپ كۈلگىسى كەپتۇ ۋە ئۆ-
زىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قىزغا تەسەللى بەرمەكچى
بوپتۇ. لېكىن قىز تېخىمۇ قاتتىق يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ:

— ياش تۇرۇپ كەتكەن ئاخۇنۇم ... ئۈن گۈلىنىڭ
بىرى ئېچىلماي كەتكەن ئاخۇنۇم ... ۋاي ئاخۇنۇم ... ئا-
خۇنۇم ... قانداق قىلارمەن ئاخۇنۇم... مېنى يالغۇز
تاشلاپ كەتكەن ئاخۇنۇم... كۆزۈمنىڭ گۆھرى ئاخۇنۇم
... نەگە بارارمەن ئاخۇنۇم ... نەدە تۇرىمەن ئاخۇنۇم
... ئاخۇنۇم ... بۇ

نالە-پەريادلار جىمجىت كېچىدە يىراق-يېقىنلارغا
ئاڭلىنىپتۇ. تەرەپ-تەرەپتىن مەزىن-ئاخۇنۇم يۇرت-جاما-
ئەتنى باشلاپ كەلگىلى تۇرۇپتۇ ۋە ھېلىقى يىغا-زارە قىلى-
ۋاتقان قىزنى قۇچاقلاپ تېخىمۇ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. يىغا-
زارە ھويلىنى بىر ئاپتۇ. يىگىت بولۇۋاتقان ئىشلارنى
كۆرۈپ ھېلىقى قىزغا ۋە كۆپچىلىككە:

— خالايىق مەن تىرىك، تېخى ئۆلمىدىم. پۇتمىسەڭلار
مانا گەپ قىلىپ بېرەي... مېڭىپ بېرەي... كۆپچىلىك نان
يەپ بېرەي، سۇ ئىچىپ بېرەي. كۆرۈپ بېقىڭلار مەن تىرىك ...

لېكىن بۇ گەپنى ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ. ئەكسىچە يىگىت-
نىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇشقا باشلاپتۇ. يىگىت تېپ-
چەكلەپ ھېلىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپتۇ. ئادەم جىق بول-
غاچقا ئۇنىمىغىنىغا قويماي بېسىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ
قۇمغا ئېلىشىپتۇ. ھايال ئۆتمەي سۇغا ئاپتۇ. ئاخىرچە
يىگىت يەنىلا ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى تۈرلۈك سۆزلەر
بىلەن ئۇلارنى ئىشەندۈرمەكچى بوپتۇ. لېكىن ھېچقايسى-
سى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆز ئىشلىرىنى قىلى-
شىپتۇ. يىگىت يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ھېچكىم پەرۋا قىلماپتۇ.
ئاخىر بامدات نامازدىن كېيىن جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ مې-
ڭىپتۇ. يىگىت تېخىچە ئۆلگىنىگە تەن ئالماي ۋارقىراپ-
جارقىراپ تىپچەكلەپ تۇرسىمۇ زاراتگاھلىققا ئاپىرىپ نامە-
زىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىككە دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ
مېڭىپتۇ. يىگىت ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كې-
تىپتۇ. تىپچەكلەپ پۇت-قوللىرى قاناپ كېتىپتۇ. ھېچكىم
ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئاخىر كۆتۈرۈپ گۆرنىڭ ئاغزى-
غا ئەكىلىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت جان ئاچچىقىدا سەكرەپ
ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، ئىككى قولى بىلەن گۆر ئاغزىنىڭ
ئىككى يېنىغا قاتتىق تىرەپ ۋارقىرىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ
كەينىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە بىر موللاق ئېتىپ ئولتۇرۇپ
قاپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئۆزىنى ئۇستازى يۆلەپ
تۇرغۇدەك، ئەتراپىدا سورۇندىكى پادىشاھ، ۋەزىرلەر،
ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە بايلار قارىشىپ تۇرغۇدەك، ئالاق-
زادە بولغان بالا كۆپچىلىكتىن ئۆزىنىڭ كۆرپە ئاستىغا
كىرىپ كەتكىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بىر
پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپتۇ: «سىز كۆرپىنى ئىككى قولىڭىز
بىلەن كۆتۈرۈپ شۇنداق بېشىڭىزنى ئېڭىشتۇردىڭىز-يۇ،
دەرھال ۋارقىراپ ئارقىڭىزغا ئۆزىڭىزنى ئاتتىڭىز، ئۇستا-
زىڭىز زەخىملىنىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزى يۆلىۋالدى»
دەپتۇ. ھېلىقى بالا ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئۇستازى-
نىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈپ تۇۋا قىپتۇ ۋە مۇشۇ جەرياندا ئۆ-
زىنىڭ كۆرگەنلىرىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ ئۇستازىدىن ۋە
بارلىق ئولتۇرغان سورۇن ئەھلىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە
زار-زار يىغلاپ ئۆزىنىڭ مەنمەنلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان
قىپتۇ. سورۇندا ئولتۇرغان پادىشاھ، ۋەزىرلەر، ئوردا ئەھ-
لىنىڭ ئۆتۈنۈپ سورىشى بىلەن ياغاچچى ئۇستا شاگىرتىنىڭ
ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىپتۇ ۋە خەلققە بارلىقى-
نى ئاتاپ، كەمتەرلىك بىلەن ئەل-يۇرت ئۈچۈن خالىس
ھۈنەر قىلىپ ئۆتۈشنى تاپىلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى
شاگىرت ياغاچچى ئۇستازىنىڭ كەسپىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلى-
پلا قالماي خەلقپەرۋەر ئېسىل خىسلىتىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈ-
رۈپ، ئۆمۈر بويى خەلققە خالىس ئىشلەپ، ئۇستازى ۋە
يۇرت-جامائەت ئالدىدا ئېيتقانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ھېلىقى ياغاچچى ئۇستامنىڭ ھۈ-
نىرىنىلا ئەمەس بەلكى خەلققە، ئەۋلادلارغا قالدۇرغان
خەلقپەرۋەر ئېسىل خىسلىتىنى ئۇنتۇماي ياد ئېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زىياۋدۇن نۇر

توپلىغۇچى: ئېزىز قېيۇم، ئەر، ئۇيغۇر، تولۇق ئوت-
تۇرا سەۋىيەسگە ئىگە، كونا شەھەردە توپلاندى.

«كۇچا خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.

www.uyghurkitap.com



# ھۆرلىخا — ھەمرا

شۇ ۋاقىتتا، ۋەزىر ئەزىمەلەر ئويلىشىپ قۇرئاندازلارنى، پالچىلارنى چاقىردى. «پالچىلار پال ئېچىڭلار، قۇرئاندازلار قۇرئىڭىزلارنى سېلىڭلار، قەيەردە ھەرەم بېغى، قەيەردە بۇلبۇلگويا قۇش، شۇنى تېپىپ بېرىڭلار» دېدى. ئاندا قۇرئاندازلار قۇرئى تاشلاپ، پالچىلار پالغا قارىسا، ھەرەمنىڭ بېغىغا بېرىشقا 500 يىللىق، كېلىشكە 500 يىللىق، ئىككى ئوترىسى 1000 يىللىق يول ئىكەن، بۇ ئەھۋالنى قۇرئانداز بىلەن پالچىلار پادىشاھقا بايان ئەتتى. شۇ ۋاقىتتا، پادىشاھ ئېيتتى: «كىمدە كىم بۇلبۇلگويا قۇشنى ئېلىپ كەلسە، تاجۇ- تەختىمنىڭ، مال- مۈلكۈمنىڭ، زەر- ئەشيەمنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن.» ئولتۇرغان خالايىقتىن ھېچ كىشى مەن بارىمەن، دەپ چىقمىدى. شۇ ۋاقىتتا، پادىشاھ ئۆزەم كەتمىسەم بولماس، دەپ دەرغەزەپ بولدى. پادىشاھنىڭ دەرغەزەپ بولغانلىقىنى قۇردىش، زىۋەر كۆرۈپ، ئاتا كەتمەك يوق، بالا كەتمەك بار، دېدى. بىز يارارمىز، خىزمەتكە ئاتا، جاۋاب بەر، دېدى. ئاندا پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئىشىتىپ، قۇردىش، زىۋەرگە يىلقىدىن تۇلپار سايلاپ مىندۈرۈپ غەللە خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشىنى ئالتۇن بىلەن

تولدۇرۇپ، بار باللىرىم يولۇك بولغاي، خىزىر ئەلەيھىسسالام يولدىشلىك بولغاي، دەپ جاۋاب بەردى. ئەنە بۇلار يولغا جۆنەپ كېتىۋەرسۇن. خەۋەرنى ھەمرادىن ئىشتىلىك.

ھەمرا مەكتەپخانىدىن چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. قۇردىش، زىۋەر ئاغىلىرىنىڭ ئاتلىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى.

— ھەي ئاغىلار يوللىرىڭىز بولسۇن، قايەرگە كېتىپ بارىسلەر، دەپ سوئال سورىدى. ئاغىلىرى ئېيتتى:

— ئاتىمىز چۈشىدە بۇلبۇلگويا دېگەن قۇشنى كۆرۈپتۇ. شۇ قۇشنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز، دەپ جاۋاب بەردى. شۇ ۋاقىتتا، ھەمرا:

— توختاپ تۇرۇڭ ئاغىلار، مەنمۇ ئاتامدىن جاۋاب ئېلىپ كېلەي، بىرگە ئىزدەيلى، دەپ كېلىپ ئاتىسىدىن رۇخسەت سورىدى. ئاتىسى جاۋاب بەرمىدى. جاۋاب بەرمىسمۇ ھەمرانىڭ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ قىسراۋ پادىشاھ قولىغا تىللا سازىنى ئېلىپ ھەمراغا نەسىھەتلەر بېرىپ بىر سۆز دېدى:

ئاغالارىڭ سېنىڭ ئۈچۈن جىبەردىم،
جاپا تىغىن سالما جانغا ھەمرايىم.
بۇلبۇلدىن زىيادە بولدى بۇ دەردىم،
ئايرىلىش ئوتىغا سالماي ھەمرايىم.

ئەۋەل كۆيدۇم ئون توت ياشقا كەلدى دەپ،
باللانىڭ پەيمانىسى تولدى دەپ.
قۇۋاندىم مەن سوڭرا ئۆلمەي قالدى دەپ،
ئايرىلىش ئوتلىرىغا سالما ھەمرايىم.

مېنىڭ ئېيتقان پەند نەسىھەتىم ئالمساڭ،
قال دېگەندە قانلار يىغلاپ قالمساڭ،
بۇ كەتكىنىڭ ئۈچ ئايغىچە كەلمسەڭ،
ئورۇنارمەن كېيەن تونىغا ھەمراھىم.

قىسراۋ ئېيتار كىمگە تەختىم بېرەيىن،
سەن بارىڭدا بەش كۈن دەۋران سۈرەيىن.
گۈل يۈزلۈك ھەمرايىمسەن، يۈزۈڭ كۆرەيىن،
يەنە ئۇۋلار سالما جانغا ھەمرايىم.
دەپ قىسراۋ شاھ سۆزىنى تامام ئەتتى.

— بالام ھەمراجان كونا تاملىقتا، چىڭگىللىكتە، مازارلىقتا ياتما، بارغىن يولۇڭ بولسۇن، خىزىر يولدىشىڭ بولسۇن دەپ شاھ سىۋەر ئېتىنى مىندۈرۈپ غەللە خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشىنى قىزىل ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ھەمرانى يولغا سېلىپ جاۋاب بەردى.

— ئەندى بۇ خەۋەر بۇ يەردە تۇرسۇن. ئەندىكىسىنى قۇردىش، زىۋەردىن ئېلىڭ. قۇردىش بىلەن زىۋەر ئاز يۈرۈپ، كۆپ يۈرۈپ ئۈچ يولنىڭ بەندىرگىسگە باردى، بېرىپ قارىسا، بەندىرگىگە بىر تاش قويۇلۇپتۇ. «ئوڭدىكى يولغا كەتكەن ئادەم ساق كېلەر، ئوتتۇرىدىكى يولغا كەتكەن ئادەمنىڭ كېلەر كەلمەسلىكى گۇمانا، چەتتىكى يولغا كەتكەن ئادەم كەلمەس» دەپ يېزىقلىق ئىكەن. ئەنە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قۇردىش، زىۋەر قايسى يولغا مېڭىشنى بىلمەي ئاتلىرىنى چىڭگىلگە باغلاپ چاپانلىرىنى ئۈستىگە تاشلاپ يېتىشتى. ئەنە ھەمرا شاھ سىۋەر ئېتىغا مىنىپ ئاردىن بىر بىر نەچچە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن بۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ.

— ئەي ئاغىلار بۇ يەردە نېمىش قىلىپ ئولتۇرىسلەر دەپتۇ. ئاغىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ تاشتىكى خەتنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ خەتنى كۆرۈپ ھەمرا «قۇردىش ئاغا سەن ئوتتۇرىدىكى يولغا كەت، ئاتامنىڭ ئەتۋارلىق پەرزەنتى ئىدىڭ، زىۋەر ئاغا سەن كېلەر كەلمەس تامانغا كەت، بەختىڭدىن كۆرەرسەن، مەن ئۆزۈم بولسا بارسا كەلمەسكە كېتەي» دەپتۇ. ئىككىسىنى ئىككى يولغا سېلىپ،

— ھەي ئاغىلار كىمدە كىم بۇلبۇلگويا قۇشنى ئېلىپ كەلسە مۇشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە بىر بىر ئوقتىن قويۇپ كېتىمىز، شۇ ئۆزىنىڭ قويغان ئوقىنى ئۆزى ئېلىپ كەتكەن بولسۇن، دەپتۇ. ئۈچەيلەن ئۈچ يولغا راۋان بولۇپتۇ. قۇردىش بىلەن زىۋەر ھەمرانىڭ قارىسى كۆرۈنمەي كەتكەندىن كېيىن ئىككىسى بىر يولغا چۈشۈپ ئوڭدىكى يول بىلەن ئاتلىرىنى ساۋاپ تېز كېتىپتۇ. ئەندى قۇردىش، زىۋەر ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرسۇن، ئەندىكى سۆزنى ھەمرادىن ئىشتىلىك. ھەمرا بارسا كەلمەس يول بىلەن شاھ ئاتىسىنىڭ ئېيتقان چىڭگىللىكتە ياتما، مازارلىقتا ياتما، كونا تاملىقتا ياتما دېگەن ۋەسىيەتلىرى ئېسىدىن چىقىپ، ئۇيقۇ قىستاپ ئېتىنى بۇرتۇپ چىڭگىلگە باغلاپ ئۆزى دەز كەتكەن بىر گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە غايىبتىن قىرىق چىلتەنلەر جەم بولۇپ مەي ئىچىپ مېيلىسلەر قۇرۇلۇپتۇ. شۇ ھالدا ھەمرانى كۆرۈپ ھەزرىتى

www.uyghurkitap.com



ئەلىدىن سوئال سوراپتۇ:

ــ ھەي ھەزرىتى ئەلى، شاھى مەردان بۇ بالا كىمنىڭ بالىسى دەپتۇ.

ھەزرىتى ئەلى ئېيتتى: «بۇ بالا قىسراھ شاھنىڭ بالىسى، ئېتى ھەمرا دېگەن. مېنىڭ نەپسىمدىن پەيدا بولغان ئىدى» دەپتۇ. «بۇ بالىنىڭ بۇ دۇنيادا جۈپتى كىم بولار؟ ئىكەن» دەپ سوئال سورىدى. ئاندا ئەلى ئېيتتى: «بۇ بالىنىڭ جۈپتىسى شارۇھ پادىشاھنىڭ قىزى ھۆرلىخاجان بولار» دېدى. شۇ ۋاقىتتا، ئەرەنلەر ئېيتتى: «ئاشىقلارنى بىر بىرى بىلەن تونۇشتۇرساق بولاتتىكەن» دېدى. «ماقۇل بولار» دەپ رۇخسەت بەردى.

شۇ ۋاقىتتا، ھۆرلىخانىمۇ چۈشىگە ئېلىپ كېلىپ ھەمرانىڭ قېشىغا قويدى. ئاندا ئىككى ئاشىققا مەي قۇيۇپ بەردى. ئىككى ئاشىق مەي ئىچىپ مەس بى ئىختىيار بولۇپ بىر بىرىنىڭ ھال ئەھۋالىنى سوراپ ھەمرا سوئال سوراپ، ھۆرلىخا جاۋاب بېرىپ ئىككىسى بىر ئىككى كەلىمە سۆزلىدى.

012.

قۇربانىڭ بولاي مەن گۈل يۈزلۈك يارىم،
يارىم قايدا بولار ماكانىڭ سېنىڭ.
ساڭا قۇربان بولسۇن بۇ شېرىن جانىم،
يارىم قايدا بولۇر ماكانىڭ سېنىڭ.

مېنى سورىساڭ شاھرۇھنىڭ قىزىمەن،
ھەر يەردە ھازىرتى ماكانىم مېنىڭ.
نەسلىم سورىساڭ پەرىزاتنىڭ ئۆزى مەن،
ئىستىسەڭ تايىندى ماكانىم مېنىڭ.

چىن ئاشىقمەن يول ئۈستىدە تەبىرىم بار،
بىر ئاللادىن بەش ۋاق ناماز قەرزىم بار.
ماكانىڭنىڭ نەچچە كۈنلۈك يولى بار،
نەچچە كۈنلۈك يولدۇر ماكانىڭ سېنىڭ.

ئاشىق بولساڭ كۆيۈپ يېنىپ ئۆتەرسەن،
سەبرى قىلساڭ دوست قولىدىن تۇتارسەن.
يۈرىۋەرسەڭ بەش يۈز يىلدا يېتەرسەن،
بەش يۈز يىللىق يولدۇر ماكانىم مېنىڭ.

تەڭرىم مېنىڭ بۇ جانىمنى ئالمىدى،
ئەجەل يېتىپ بۇ پەيمانەم تولمىدى.
يارىم ئەندى سېنى كۆرمەك بولمىدى،
بەش يۈز يىللىق بولسا ماكانىڭ سېنىڭ.

ئاتىم ھۆرلىخادۇر شارۇھنىڭ قىزى،
پەرىزات دېۋىلەر تونىساڭ بىزنى.
سەن ئىزلەپ تاپمىساڭ تاپارمەن سىزنى،
ساڭا قۇربان بولسۇن بۇ جانىم مېنىڭ.

ھەمرا ئېيتار بۇ يەر ئۇزاق بولمىسا،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانەم تولمىسا.
جانىم چىقىپ تېنىم تۈزدە قالمىسا،
ئىنشائاللا تاپارمەن ماكانىڭ سېنىڭ،

ھۆرلىخا ئېيتتى:

ــ ھەي، ھەمراجان غەمكىن بولما، قىرىق كۈنلۈك چۆلى مۇغاندىن ئۆتسەڭ، باغى ھەرەمنى تاپارسەن، شۇ باغى ھەرەم بولار مېنىڭ ماكانىم، دېدى. ھەمرا ئېيتتى:

ــ ھۆرلىخاجان، بۇ ئېيتىۋاتقانلىرىمىز چۈشىمىزمۇ يا ئوڭمىزمۇ؟ دېدى. ھۆرلىخا ئېيتتى: «چۈشىمىز» دېدى. ھەمرا ئېيتتى: «ئوڭمىز» دېدى. ھۆرلىخا ئېيتتى: «ئەگەر، چۈشىدە يۈگۈرگەن ئادەم ئويغىنار ئىمىش. قېنى مەن قاچاي، سەن قوغلاپ تۇت» دەپ ھۆرلىخا ئالدىغا چۈشۈپ قاچتى. ھەمرا قوغلاي دەپ ئورنىدىن تۇرغان ۋاقتىدا ماڭلىيى گۈمبەزگە تېگىپ، لاپىلا قىلىپ كۆزىنى ئاچتى. قارىسا نە پەرى يوق، نە قىز يوق، ياتقىنى بىر كونا گۈمبەزنىڭ ئىچى ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا، ھەمرا گۈمبەزدىن چىقىپ قارىسا تاڭ يورۇغان ۋاقتى ئىكەن. ئاندا ھەمرا يارنى سېغىنىپ قولىدا سازى بولمىسىمۇ تىلىدا سۆزى بىلەن بىر نەچچە يەرلەردىن تىمسال كەلتۈرۈپ بىر سۆز دېدى:

قادىر ئاللا ماڭا سالدى بۇ دەردنى،
نە قىلايىن يارىم ئايان بولمىسا.
يار يار دەپ ئۆلەر بولدۇم بۇ يەردە،
قايدا ياشىغىنى ئايان بولمىسا.

ئاتام خىزمىتىدە باغرىم كاۋاپتى،
پىرىمدىن ئۆگىنىپ ئىلىم ئەدەپنى.

چىلتەنلەر بەرگىلى يولدا شاراپنى،
قورقىمەن بەختىمىز قارام بولمىسا.

خاپا كۆڭلۈم ھەرەم قايدا، سەن قايدا،
چۈشۈڭدە كۆرگەنگە بولماغىل بەندە.
بۇ يەردە ئۆلەرسەن بولۇپ شەرمەندە،
كۆپ يۈرمەك ئۆزەڭگە زىيان بولمىسا.

ھەمرا ئېيتار بۇ چۆللەرنى كېزەرمەن،
ئايرىلىش دەردىدىن جاپا چېكەرمەن.
يارىم ئىزلەپ نە يەرلەردىن تاپارمەن،
تىنىچلانماسمەن باغى ھەرەم بولمىسا،

دەپ سۆزىنى تامام ئەتتى. ئاندا ھەمرا شاھ سىۋەر ئېتىغا مىنىپ يولغا راۋان بولدى. ھەمرا يول يۈرۈپ دەم تارتىپ ئىلغاپ يېتىپ بىر چۆل باياۋانلىقتا كېتىۋاتاتتى. ھەمرانىڭ ئۈستىدە بىر تورغاي تۇرلۇك ئاھاڭدا سايراپ ئايرىلمىدى. شۇ ۋاقىتتا ھەمرا خىيال قىلدى. بۇ پىشانىسى قارىمۇ مېنىڭدەك بىر ياردىن ئايرىلغان جانىۋار ئوخشايدۇ، بۇنىڭغىمۇ بىر سۆز ئېيتىپ كېتەي دەپ قولىغا تىللا سازىنى ئېلىپ تورغايغا قاراپ بىر مۇقەللەس ئېيتتى:

خۇدا مېنى ياراتتى مۇنداق بىسيان ئىچىدە،
ئۆزۈم قالدىم گۈل كەتتى يۈرىكىم قان ئىچىدە.
نەدەپ ئېيتىپ كېزەيىن بۇ چۆللىستان ئىچىدە،
يارىم ئاندا خوپ كېزەرمەن چۆلى مۇغان ئىچىدە.
ھۆرلىخانى كۆرمەي ئۆلسەم قالدىم ئارمان ئىچىدە.

ئاشىقلارنىڭ دەردىنىڭ بولارمىكىن داۋاسى،
كىمدە كىم ئاشىق بولسا ئۆلمەك ئۇنىڭ چارىسى،
مەجنۇن كەبى باشىدا بولسا قۇشنىڭ ئۇۋاسى،
مەن بۇ يەردە سەرگەندانمەن بۇل چۆلى مۇغان ئىچىدە.
ھۆرلىخانى كۆرەلمەي مەن ھىجران ئىچىدە.

بىر نەچچىنى كۆرەرمەن ساپا بىلەن سەۋبەتتى،
بىر نەچچىنى كۆرەرمەن جانى ئىچىدە جەننىتى،
بىر نەچچىنى كۆرەرمەن ئادا بولماس مېھنىتى،
مەندىن بىچارە مىسكىن بۇ چۆللەردە گۈللەپتۇ،
يارىم ئاندا خۇش كېزەر مەن چۆلى مۇغان ئىچىدە.

ئاسماندىكى بوز تورغاي بوزلىمساڭ نە بولغاي،
مېنىڭ شېرىن جانىمنى قىينىمساڭ نە بولغاي،
سۆزلىمەكتە تىلىڭ يوق بىرگە يۈرسەڭ نە بولغاي،
سۆيگەن يارىم بىلەرسەن خەۋەر بەرسەڭ نە بولغاي،
مەن شىكەستە ئاداشتىم بۇل چۆلىستان ئىچىدە.

ھىجران ئوتىغا تۇتۇشۇپ يانار مېنىڭ يۈرىكىم.
قېرىندىشىم ئىستىمەس يوقتى مېنىڭ كېرىكىم،
نازۇككىنە بوينۇڭغا سالسام كۆرپىدە بىلىكىم،
ھەمرا ئېيتار خۇدادىن بولسا ئىمان تىلىكىم،
بۇ يارىمنى كۆرمىسەم قالدىم زىندان ئىچىدە،

دەپ ھەمرا سۆزىنى تامام ئەتتى. ئەنە تورغايمۇ سايراپ ئۆز نىشانىغا كەتتى. ھەمرا ساناپ 39 كۈن يول يۈردى. قىرىق كۈن بولغاندا بېشى ئايلاندى، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. ھەمرا قايسى تەرەپكە كېتىشنى بىلمىدى، شۇ ھالدا تاڭ ئاتتى. تورغايلار چىرىلداپ ئالەم يورىدى. ئاندا كۈن چىقىشتىن بىر كۈن، كۈن پېتىشتىن بىر كۈن كۆتۈرۈلدى. ھەمرا بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ قولىدا سازى، تىلىدا سۆزى بىلەن خۇدايى تائالاغا يالۋۇرۇپ بىر سۆز دېدى.

خۇدايى تائالا بىر ئىس سالدىڭ باشىما،
مەن بۇ كۈننىڭ قايسى بىرىگە كېتەيىن،
مەدەتكارىم خىزىر كەلسەڭ قاشىما،
مەن بۇ كۈننىڭ قايسى بىرىگە كېتەيىن.

ئايرىلىشنىڭ ئوتى باغرىم يېغىپتۇ.
ھىجراننىڭ دەستىدىن بېلىم پۈكۈلۈپتۇ.
ئوڭۇمدىن سوڭۇمدىن ئىككى كۈن تۇغۇلۇپتۇ.
مەن بۇ كۈننىڭ قايسى بىرىگە كېتەيىن.

قالمىدى تاقىتىم مەدىتىم تۈزدە،
مەدەتكارىم خىزىر ئىختىيار سىزدە.
بىر نازلىق يار ئۈچۈن مەن كەزدىم تۈزدە،
مەن بۇ كۈننىڭ قايسى بىرىگە كېتەيىن.

ئاشىق ھەمرا ئېيتار ئۆمرۈمنىڭ سالى،
نازەلىمنىڭ يولىدا دىۋانە دەلى.
ھەمرانىڭ پىرىسەن يا ھەزرىتى ئەلى،
مەن بۇ كۈننىڭ قايسى بىرىگە كېتەيىن،

دەپ سۆزىنى تامام ئەتتى. بىر مەيدان ئۈركۈندى. كۈن چىقىشتىن كۆتۈرۈلگەن كۈن ئەيىمەكى كۈن ئىدى. بۇ كۈن ئاستا ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كۈن پاتاردىن چىققان كۈن ھەرەم بېغىنىڭ شولىسى ئىدى.

قارا قالپاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇختار مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردىكى قۇربانلىق مال تاللاش پەرھېزلىرى

سالىجان ئابدۇرۇسۇل

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا ئىسلام دىنىدىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. قۇربانلىق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ قىلمىسا بولمايدىغان زۆرۈر پەرزىدۇر. ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ پەرزنى ئادا قىلىپ كەلگەن.

ئۇنداقتا قۇربانلىق مالنى قانداق تاللايمىز ؟

قۇربانلىققا قوي، كالا ۋە تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللاردىن بىرى بولۇشى شەرت.

قۇربانلىق مال بەلگىلەنگەن ياشقا توشقان بولۇشى كېرەك. قوي ئالتە ئايلىقتىن چوڭ بولۇشى، ئۆچكە بىر يىلنى تولدۇرۇپ بولغان بولۇشى، كالا ئىككى يىلنى تولدۇرۇپ بولغان بولۇشى، تۆگە بەش يىلنى تولدۇرۇپ بولغان بولۇشى كېرەك، يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن قۇربانلىققا بەلگىلەنگەن ياش ئۆلچىمىگە توشمىغان ماللار سەمرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قۇربانلىققا يارىمايدۇ. قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال گۆشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەيىب-نۇقسانلاردىن خالىي بولۇشى كېرەك. قارىغۇ ياكى بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، توكۇر، كېسەل، بەكلا ئورۇق مال قۇربانلىققا يارىمايدۇ.

**كۆزدىكى ئەيىب:** كۆزى غۇۋالىشىپ قالغان، ئەما بولۇپ قالغان مال قۇربانلىققا يارىمايدۇ. لېكىن كۆزى جايىدا كۆرىدىغان، كۆزىگە ئاق پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، قۇربانلىققا يارايدۇ. كۆزى كۈندۈزى كۆرىدىغان، كېچىسى كۆرمەيدىغان بولسا ياكى كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرىدىغان بولسا ياكى ئالغاي بولسا، بەزى ئالىملار قۇربانلىققا يارايدۇ، دەپ قارىغان.

**قۇلاقتىكى ئەيىب:** ئىككى قۇلاق ياكى بىرى تۇغۇلۇشتا ياكى ھادىسىدە يوق بولغان بولسا، قۇربانلىققا يارىمايدۇ. ئىككى قۇلاق ياكى بىرى كىچىك بولغان بولسا، قۇربانلىققا يارايدۇ. ئىككى قۇلاق ياكى بىرى يىرتىلىپ، تىلىنىپ، تېشىلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتمەي ساڭگىلاپ قالغان ياكى قۇلاقنىڭ يېرىمىدىن ئاز قىسمى كېسىۋېتىلگەن بولسا، ياكى تۆشۈك بولسا، قۇربانلىققا مەكرۇھلۇق بىلەن يارايدۇ. چۈنكى بۇ ئەيىبلەر گۆشكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، كۆپ قىسمى كېسىۋېتىلگەن بولسا قۇربانلىققا يارىمايدۇ.

**مۈڭگۈزىدىكى ئەيىبلەر:** مۈڭگۈز تۇغۇلۇشتا ياكى ھادىسىدە يوق بولغان بولسا، ياكى سۇنۇپ كەتكەن بولسا قۇربانلىققا يارايدۇ. چۈنكى مۈڭگۈزنىڭ يوقلۇقى ياكى سۇنغانلىقى گۆشكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ ياكى يېيىلمەيدۇ.

**ئېغىز-بۇرۇندىكى ئەيىب-نۇقسانلار:** چىشلارنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى سۇنغان ياكى چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردە ھەلەپ يېيەلەيدىغان بولسا قۇربانلىققا يارايدۇ، ھەلەپ يېيەلمەيدىغان بولسا يارىمايدۇ. تىلى پۈتۈن ياكى يېرىمىدىن كۆپ قىسمى كېسىۋېتىلگەن مال بولسا قۇربانلىققا يارىمايدۇ.

**قۇيرۇق بىلەن يىلىندىكى ئەيىب-نۇقسانلار:** قۇيرۇق ياكى يىلىنى كېسىۋېتىلگەن مال ئەگەر ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق قىسمى كېسىۋېتىلگەن بولسا قۇربانلىققا يارىمايدۇ. ئەگەر تۇغۇلۇشتا قۇيرۇقسىز ياكى يېلىنسىز تۇغۇلغان بولسا قۇربانلىققا يارايدۇ.

**ئاختا قىلىۋېتىلگەن مال:** ئاختا قىلىۋېتىلگەن مال قۇربانلىققا يارايدۇ. ساق ۋە ساغلام بىر مالنى قۇربانلىق نىيىتى بىلەن سېتىۋالغاندىن كېيىن بوغۇزلاپ بولغۇچە ئەيىبلىك بولۇپ قالسا قۇربانلىققا يارايدۇ، چۈنكى ئۇ سېتىۋالغان چاغدا، نىيەت قىلغان چاغدا سالامەت بولۇشقا دىققەت قىلغان، سېتىۋالغاندىن كېيىن ئەيىبلىك بولۇپ قېلىشى ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. شۇڭا قۇربانلىققا يارايدۇ. ئەگەر بوغۇزلىماقچى بولغاندا شۈك تۇرمىغانلىقتىن پىچاق تېگىپ كېتىپ زەخىملەنگەن بولسا، قۇربانلىققا يارايدۇ. يەنە قۇربانلىق قىلماقچى بولغان كىشى قۇربانلىق قىلغان چاغدا ئاشۇ مالنىڭ ئىگىسى بولۇشى ياكى ئىگىسى رۇخسەت قىلغان بولۇشى كېرەك.

يېزا-قىشلاقلاردا قۇربانلىققا تاللىغان ماللارنى ئايرىم قوتان ياساپ تۆت-بەش ئاي بۇرۇنلا بېقىپ تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ ماللارغا ئادەتتە يەم بەرگەندە كۆك باش قوناق ئاساس، ھەر خىل دانلىق زىرائەت بىلەن ھەلەپ بېرىلىپ بېقىلىدۇ. بۇنداق بېقىلغان ماللارنى قۇربانلىق قىلىش بىزدە ئادەتكە ئايلانغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2010 - يىللىق فولكلور كەسپى ئوقۇغۇچىسى)



# كروراننڭ ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى ۋە يىڭسۇدىكى توغراقلار

غالىب بارات ئەرك

تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنى مەركەز قىلىپ مىلادىيەدىن بۇرۇن قۇرۇلغان كروران خانلىقى ئۆز دائىرىسىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك قانۇنلارنى تۈزگەن ۋە ھاكىمىيىتىنى قانۇن ئارقىلىق يۈرگۈزگەن. كروراندا تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈر كروران خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت يېزىقى بولغان قاروشتى يېزىقىدىكى 482 - نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە ساقلىنىپ قالغان. تارشىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئايماق بېگىگە:

بەھەيۋەت، ئۇلۇغ خاقان ئالىيلىرىدىن يارلىق، ئايماق بېگى ساماسانا ۋە پۇگوسالارغا:

ساكا ئوردىمىزغا كېلىپ بۈگۈن شىكايەت قىلدى. ئېيتىشچە مولىنا ئۇنىڭ ئىگىلىكىدىكى يەرنى قوبۇل قىلغان، بىراق يۈز بېشى ۋە ئونبېشىلار يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ تېرىتمىغان. بۇ يەردىكى ئورمانلارنى ئۇلار كېسىپ سېتىپتۇ. باشقىلارنىڭ ئىگىلىكىدىكى نەرسىلەرنى كېسىش ۋە سېتىش قانۇنغا خىلاپ. سىزلەر ئۇشبۇ لاي پېچەتلىك يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان دېلودىكى قەسەم ۋە شاھىتلارنى ئېنىقلاپ مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى تەھقىقلەڭلار. يۈز بېشى ۋە ئونبېشىلار شۇنداق قىلغان بولسا قىلمىشىنى چەكلەش كېرەك، شاكانىڭ ئورمىنىنى كېسىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئەسلىدىن بار بولغان تۆرۈ (قانۇن) بويىچە كۆكلەپ تۇرغان ئورمان (دەرەخ)نى كېسىشكە بولمايدۇ، كەسكۈچىگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر دەرەخنىڭ چاتىقىنى كەسسە بىر ئىنەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. تۆرۈ بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلسۇن. ئەگەر بۇ ئىشلار ئۇنداق بولمىسا ياكى دېلو ئېنىقلانمىسا ئۇلار خان ئوردىسىغا قاماللاپ كەلتۈرۈلسۇن.

ئۇشبۇ يارلىقتىن ئەينى زاماندا شەخسىي مال - مۈلۈكنىڭ دەخلىسىزلىكىنى بىلىش بىلەن بىللە، كروران خانلىقىدا قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغان ئۇزاق تارىخقا ئىگە «ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى» بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. كروران خانلىقىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان كونا قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا، دەرەخ كۆكلەپ تۇرغان شارائىتتا كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كېسىشكە بولمايدىغانلىقى، قانۇنغا خىلاپ ھالدا بىر تۈپ كەسكۈچىگە بىر ئات، چاتىقىنى كەسكۈچىگە بىر ئىنەك جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىدەك

www.uyghurkitap.com



بەلگىلىمىسى جازانىڭمۇ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ بې-
رىدۇ. مانا مۇشۇ قانۇننىڭ قاتتىق ئىجراسى نەتىجىسىدە
كروران تازا گۈللەنگەن دەۋرلەردە كروران رايونىنىڭ
ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 40% ئەتراپىدا بولغان①.
كروران رايونىدىكى «ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى» ئەينى
ۋاقىتتا ئورمان كېسىشكە يول قويۇلمىغانلىقىنى كۆرسىتىشى
ناتايىن، شۇبھىسىزكى ئورماننى كېسىش ئۇچۇن ئەينى
دەۋردە مەلۇم قانۇن ـ تەرتىپلەر بولغان، خارابىلىكلەردە
ساقلىنىپ قالغان ياغاچ ماتېرىياللىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.
كروران خانلىقى نېمە ۋەجىدىن ئورمان مۇھاپىزەت قانۇ-
نى تۈزگەن ۋە قاتتىق ئىجرا قىلغان؟

كروران خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى كروران شەھ-
رىنى بەلگە قىلغان ھالدا ھازىر دېيىلىۋاتقان لوپ كۆلگە

C.O. cojhbo sa......ṣa ca dadavo

U.O.(1) mahanu'ava maharaya lihati cojhbo ṣama(ṣ)ena pugóṣa ca maṃtra deti ṣa ca
(2) ahuno iśa śakā garahati yatha edaṣa kilmeyaṃmi molýina bhuma ladhaye
śadavida karṣenavá achiṃnaṃti na oḍeṃti kriṣaṃnaye tade vṛ-
(3) c̄há chiṃnaṃti vikrinaṃti na dhaṃ̄a aṃñ̄asya tanu aṃñ̄e chiṃnaṃti vikrinaṃti
yahi eda kilamuṃtra atra eśati praṭha atra anada pruchidavo
(4) śavatha śasac̄hiyena bhutartha eva hac̄há-ti taba śadavida karsenavá tade,
varidavo

C.R.(1) śakaṣa na iṃci achiṃnaṃtí purva dhaṃ̄a vibhaktagá yena saṃula vṛc̄há chiṃ-
nati tatra saṃta vṛc̄há varidavo alśa avíṃdaṃa vṛc̄haṣa lada chiṃna-
(2) ti (go) aviṃdama śiṭhidavya yatha dhaṃ̄ena nic̄e kartavo yati aṃñ̄atha
siyati atra na paributjiśatu hastagada iśa rayadvaraṃmi
(3) viṣajidavo

U.R. śaka

(بۇ قارۇشتىشۇناس لىن مېيسۇننىڭ «تەكلىماكاندىكى پۈتۈكلەر ـــ جۇڭگودىن
چىققان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن «ئورمان مۇھاپىزەت
قانۇنى»نىڭ ترانسكرىپسىيەسى)

يېقىن رايونلارغا جايلاشقان، بۇ رايوندا سېپتا تاش قورال-
لار دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈپ
كەلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن بۇرۇنلا شە-
ھەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ كۆجۈم ئولتۇراقلاشقان،
كروران شەھەر رايونىدا ئېكىنچىلىق بىلەن تۇرمۇش كە-
چۈرگەن. بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇنقى كروران
ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ زور تەھلىكىسى سۇ ۋە بوران ئىدى.

قۇرغاق رايون تارىم ۋادىسىدا ھاياتلىقنىڭ دەريا- ئېقىن
سۇلىرى ئارقىلىق كاپالەتلىنىدىغانلىقى ھەقىقەت. كروران-
نىڭ سۇ كاپالىتى كۆنچى ۋە تارىم دەرياسىنى ئاساس
قىلغان ھالدىكى نۇرغۇن ئېقىنلارغا باغلىق ئىدى. ئاخىر-
قى ھېسابتا كروران شەھىرىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىغا مۇشۇ
يەرگە كېلىدىغان سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى سەۋەب
بولغان. بۈگۈنكى كۈندە چاقىلىق رايونىدا قاتتىق غەربىي
شىمال بورىنى چىققانغا ئوخشاش كروران خانلىقى دەۋرى-
دىمۇ قاتتىق بوران چىققانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.
ئارخېئولوگلارنىڭ بايقىشىچە قاتتىق بوران كروران
شەھەر خارابىسىدىكى يەر يۈزىنى تۆت- ئالتە مېتىرغىچە
ئويۇپ ئۇچۇرۇپ كەتكەن، كۈنىمىزدە ياردائىلىق دەپ
ئاتالغان يەر شەكلىنىڭ شامالنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەل-
گەنلىكى، ساقلىنىپ قالغان شەھەر ئىز-
نالىرىنىڭ ئېگىز دۆڭلەردە بولۇشى
سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ، مانا بۇ پاكىت-
مۇ قەدىمدىن بۇ رايوندا قاتتىق بوران-
نىڭ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ. مانا مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىت
كرورانلىقلارنى مۇناسىپ تەدبىر قوللى-
نىپ زىياننى ئازايتىشقا مەجبۇر قىلغان،
نەتىجىدە ئورماننىڭ رولىدىن پايدىلى-
نىپ شامال كۈچىنى پەسەيتىشنى،
سۇدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئارقىلىق
قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتىشنىڭ زۆرۈرىيە-
تىنى تونۇپ يېتىپ، «ئورمان مۇھاپى-
زەت قانۇنى» ۋە «سۇ ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش قائىدىسى»گە ئوخشاش
تۈرلەرنى تۈزۈپ قاتتىق ئىجرا
قىلغان.

تەبىئەتنى سۆيۈش ئەجدادلاردىن
ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپ بىزگە ئۇدۇم قالغان. ئۇيغۇر-
لار نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تە-
بىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى ياراتقان. تەبىئەتنى سۆيۈش
ئەنئەنىسى ئەينى زاماندىكى تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، يەنى
تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىن قالغان بولسۇن ياكى
ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا يەكۈنلەنگەن تەجرىبە -
ساۋاقلار ئاساسىدا كەلگەن بولسۇن، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل

ئەنئەنىلىرىدىن ساناشقا ھەقلىقمىز. كىچىك ۋاقتلىرىمىزدىلا تەربىيەلەر مۇنداق بولاتتى: دەريا، كۆل بويلىرىدا كىر يۇيۇشقا بولمايدۇ، ئەخلەت ۋە يۇندى تۆكۈشكە بولمايدۇ. تورغاي تۇخۇمىنى تۇتماڭ، بولمىسا يۈزىڭىز چاچۇق بولۇپ قالىدۇ. كىرپىنى تۇتماڭ، تىكىنى قولىڭىزغا كىرىپ كەتسە ئالتۇن يىڭنە بولمىسا ئالغىلى بولمايدۇ. كىلەگە قارىماڭ، چىشىڭىزنى سانىۋالسا سارغىيىپ قالىدۇ. قارلىغاچ كىرمىگەن ئۆيدە ئامەت بولمايدۇ. ئەيتاۋۇر بوۋا-موما، ئاتا-ئانىلار ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆگۈتلەر ئارقىلىق تەربىيە قىلاتتى. كۈن قىزىلدا ياتماسلىق، سۇغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلماسلىق، ئوت ئوينىماسلىق، سۇپۇرۇندە بىلەن يۇندىنى ئايرىم جايلارغا تۆكۈش ۋە يۇقىرىدا كۆرگەن جانلىقلارنى ئاسراش ئۆگۈتلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن تەبىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسىنىڭ بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئەنە شۇنداق ئېسىل ئەنئەنىلەرگە قوشۇلىدىغان باغ-ئورمان ئەھيا قىلىش ئۇدۇمىنىڭ يىراق قەدىمدىن قالغانلىقىنى، كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆي سالغان ھامان ئاۋۋال باغ ئەھيا قىلىدىغانلىقى، ئېتىز-ئېرىق ۋە يول بويلىرىغا ئورمان تىكىدىغانلىقى، تەبىئىي ئورماننى ئاسرايدىغانلىقى تەبىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسىنىڭ داۋامىدۇر. بۇنىڭ بىر پاكىتى تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى، يەنى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان يېڭىسۇ توغراقلىق مەھەللىسىدە توغراقنى كەسمەستىن ساقلاپ قالغانلىقى، يەنى يېڭىدىن سېلىنغان ئۆيلەرگە توغرا كېلىپ قالغان توغراقلارنىڭمۇ كېسىلمەستىن ساقلىنىپ قالغانلىقى بۇ ئەنئەنىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئەلۋەتتە. يېڭىسۇ چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، لوپنۇر ناھىيەسى بىلەن چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ چېگراسىغا يېقىن جاي. بۇ مەھەللىدە ئادەم كۆپ ۋاقىتلاردا نەچچە يۈز ئائىلە كىشى ياشىغان، مەھەللە بەگ مەھەللىسى ۋە توغراقلىق مەھەللە دەپ ئاتىلىغان. ياركەنت دەرياسى (يەرلىكلەر تارىم دەرياسىنى شۇنداق ئاتاشقان)نىڭ بويىغا جايلاشقان. 1960-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن ئەينى ۋاقىتتىكى يېڭىسۇ يېزىسى ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى لوپنۇر ناھىيەسى



تەۋەسگە، ئاز بىر قىسمى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلار ھامان قايتىپ كېلىمىز دېگەن نىيەتتە ئۆي - جايلىرىنى ئەسلىي ھالەتلىرى بويىچە تاشلاپ قويۇپ كېتىشكەن. ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندە چۆل قالغان بۇ مەھەللە خارابىسىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، مەھەللە ئۆيلىرىنىڭ ئاجايىپ چۇغ جايلىشىشى، ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە نەقىشلىرىدىن باشقا مېنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇرغىنى، ئۆي سېلىنىش داۋامىدا ئۆيگە تۈغرا كېلىپ قالغان تۇغراقلارنىڭ كېسىلمەستىن ساقلاپ قېلىنغانلىقى بولدى. يېڭىدىن سېلىنغان ئۆيدە ئۆي ئىچىگە ياكى تامغا تۇغرا كېلىپ قالغان تۇغراقنىڭ كېسىلمەسلىكى تاسادىپىي ھالدا بىرەر ئائىلىدە بولماستىن نەچچە ئائىلىدە بولغانلىقى شۇ دەۋردە داۋام قىلىپ كەلگەن تەبىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇيغۇرلاردا تۇغراقنى ئۇلۇغلاش بولمىغان، لېكىن ئۇنى چۆل مۇھىتىنىڭ قەھرىمانى ھېسابلايدۇ. شۇڭا تۇغراقنى تەرىپلەپ «كۆكلەپ تۇرۇپ مىڭ يىل، يەرگە يىقىلىپ مىڭ يىل، قۇمغا كۆمۈلۈپ مىڭ يىل ياشايدۇ»، ئىلمىي بايانلاردىن كۆرىشىمىزچە، تۇغراق 300 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ دەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلەرنى «موڭكا سۈيى ئىچكەنلەر» دەيدۇ، بۇ دېگەنلىك «تۇغراق سۈيى ئىچكەنلەر» دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرلار تۇغراقنىڭ شولتىسى بولغان تۇغرىقىدىن (تۇغرىغا ساغۇچ ۋە ئاق ئىككى خىل بولۇپ تۇغراقتا يىلىمغا ئوخشاش چىقىدۇ) پاكلىغۇچ سۇپىتىدە پايدىلىنىپ داستىخانلىرىنى يۇيىدۇ. تۇغرىقىدىن يەنە كۆپتۈرگۈچ سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. گەرچە تۇغراقنىڭ ئىنسانلار يەيدىغان مېۋىسى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ چۆل مۇھىتىغا بولغان ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەت سۆيەر ئەجدادلىرىمىز ئاسراپ كەلگەن.

تۇغراق قۇملۇق جايلاردا ئۆسىدىغان، سۇغۇققا، ئىسسىققا، قۇرغاقچىلىققا، شورغا، شامالغا بەرداشلىق بېرىش كۈچى كۈچلۈك ئۆسۈملۈك، ئادەتتە ئېگىزلىكى 15ـ 30 مېتىرغىچە بولىدۇ، يىلتىزى ئون مېتىر ئەتراپىدا چوڭقۇرلايدۇ. تۇغراق 45 سېلسىيە گرادۇس ئىسسىققا، 40 سېلسىيە گرادۇس سۇغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شورغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ يىلتىزىدا شور زەخىملەندۈرەلمەيدىغان ھۈجەيرىسى بار. شورغا چىداملىق بۇ ئۆسۈملۈك بىر مېتىر دائىرىدىكى شورنىڭ مىقدارى 1% تىن تۆۋەن بولسا ناھايىتى ياخشى ئۆسۈۋېرىدۇ. 2% ـ 3% ئەتراپىدا بولسا ئۆسۈشى دەخلىگە ئۇچرايدۇ، ئەگەر 3% تىن يۇقىرى بولسا تۇغراق قۇرۇپ كېتىدۇ. يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆت مېتىرغىچە بولسا تۇغراق ناھايىتى ياخشى ئۆسەلەيدۇ، سۇ ئورنى ئالتە ~ توققۇز مېتىرغىچە بولسا كۆكلىمەي، قۇرۇماي تۇرىدۇ، ئەگەر سۇ ئورنى توققۇز مېتىردىن چوڭقۇرلاپ كەتسە تۇغراق قۇرۇپ كېتىدۇ. كۇچا مىڭئۆيى قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان تۇغراقنىڭ تاشقا ئايلانغان قاتمىسىنىڭ بايقىلىشى بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى تارىخىنىڭ 65 مىليون يىلدىن ئۇزاقلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئارخېئولوگلارنىڭ كۆرسىتىشىچە مىلادىيە 1000 ـ يىللارغىچە تارىم ئويمانلىقى بىپايان تۇغراقزارلىق ئىكەن. ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە 1950 ـ يىللىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى تۇغراقلىقنىڭ كۆلىمى 520 مىڭ گېكتار (7 مىليون 800 مىڭ مو) ئەتراپىدا ئىدى، 1970 ـ يىللىرى تۇغراقلىق كۆلىمى ئازلاپ 350 مىڭ گېكتار (5 مىليون 250 مىڭ مو)غا قالغان. 1950 ـ يىللىرى تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى تۇغراقنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 800 مىڭ مو ئىدى، 1970 ـ يىللىرىغا كەلگەندە 2 مىليون 970 مىڭ موغا، 1990 ـ يىللىرى 1 مىليون 522 مىڭ 500 موغا چۈشۈپ قالغان. ھازىر دۇنيادىكى تۇغراقنىڭ 61% ى ئېلىمىزگە جايلاشقان، ئېلىمىزدىكى تۇغراقنىڭ 90% ى تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، چوڭ كۆلەملىك تۇغراقلىقنىڭ تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، ئورمانىنى ئاسراش ئەنئەنىسىنىڭ ئۇدۇم بولۇپ داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىدىن بولغان. مانا كۈنىمىزدە پارتىيەمىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن دۆلەت دەرىجىلىك تۇغراقلىق تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قۇرۇپ چىقتى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، تۇغراقلىقلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تارىم دەرياسىنىڭ سۇ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 40 يىلدەك بولغان ئېقىنىغا سۇ باشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى «يېشىل كارىدور»نىڭ ئېكولوگىيەسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىماقتا.

ئىزاھات:

①چېن روگۇ «كروران قەدىمكى شەھرىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» مۇ شۇنىيڭ ۋە جاڭ يىڭلارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «كروران كۈلتۈرى تەتقىقاتىدىن توپلام» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 75 ـ بەت.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيەلىك تېلېگراف شىركىتىدە)

# كىلياڭ مەشرىپىدىكى ئويۇنلار*



## 10 . بۆرگە سويۇش ئويۇنى

بۆرگە سويغۇچى سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قولىغا بىر تال تاياقنى ئېلىپ، سورۇننى ئايلىنىپ تۆۋەندىكى قوشاق بىلەن بۆرگىنى ئىزدەيدۇ.

هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
مەن بۇگەمنى ئىزدەيمەن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
چاچراپ چىقىڭ تېز دەيمەن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم

بۆرگە ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تون ئۇياقتىن - بۇياققا ئېتىلىدۇ. مەشرەپ ئەهلى يانلىرىغا تىقۋېلىشىدۇ.

بۇ گەم قاچتى بۇلۇڭغا
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
مەن قوغلايمەن كۇلۇڭغا
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
مەن بۇگەمنى تاپسام مەن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
كانارىغا ئاسۇرمەن
هەي بۇگەم توپا رەڭ بۇگەم
بۇگەمنى تېپىڭ قوتا باش
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئىتنىك بۇلۇڭ مۇنەك باش
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم

قوشاق مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۆرگە سويغۇچى بۆرگىنى تۇتۇۋېلىپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆرەپ ئېلىپ كېلىدۇ هەم ئىككى ئادەمنى ياردەمگە چاقىرىدۇ، ئىككى يىگىت چىقىپ، بۆرگىنى ئىككى تەرەپتىن تۇتۇپ تۇرىدۇ.

بۇگەم بۇگەمدىن ئارتۇق
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
پوكاندىن سۆرەپ تارتتۇق
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
مەن بۇگەمنى تاپتىم مەن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
پۇت قولىنى چاتتىم مەن
بۇگەمنى بوغۇزلايمەن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئالغىنىغا ساتايمەن

بۆرگە سويغۇچى پىچاق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تاياقنى پىچاقنى بىلىگەندەك هەرىكەتلەر بىلەن بىلەپ، ئاياغلاشتۇرىدۇ هەم بۆرگىنىڭ كانىيىغا سۇرىدۇ. پىچاقنى بۆرگىنىڭ كانىيىغا سۇرگەندە خىررررر... قىلىپ ئاۋاز چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جان تالىشىۋاتقاندەك هەرىكەت بىلەن، بۆرگىنى تۇتۇپ بەرگەن ئىككى يىگىتنىڭ ياردىمىدە تېزلىك بىلەن سورۇندىن بىر چۆرگىلەيدۇ. بۆرگىنى سويۇش ئۇچۇن تېرىسىنى جىجىغان ۋاقىتتا پىچاقنى توننىڭ يېڭىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغانلارغا ئاپىرىپ قىزىقارلىق كۆرۈنۈش هاسىل قىلىدۇ:

مەن پىچىقىمنى كاپلىۋېتىپ،
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئىتنىك يىرىنى قاتلىۋېتىپ
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
پىچاق سۇردۇم گېلىغا

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
دەسسۇپلىپ بىلىغا
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
مەن بۇگەمنى پۇدەيمەن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
پۇدەم بولۇپ سويايمەن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
مەن بۇگەمنى جىجايمەن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
تېرىسىنى تىلايمەن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
مەن بۇگەمنى سويايمەن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
كۆزلىرىنى ئويايمەن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
بۇگەمنى سوياپ بولدۇم
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
كانارغا ئېسىپ بولدۇم
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئاتمىش پاتمان گۆش چىقتى
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
يەتمىش پاتمان چاۋىسى
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
چوكانلارغا بەرمەيمەن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
پۇلى بولمىسا نېسى
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
مەن بۇگەمنى ساتۇرمەن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
قېنى كىمگە تاتۇرمەن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم

قوشاقتا بىرلەشتۇرۇلۇپ بۇرگە سويغۇچى بۇرگىنى سويغان، كانارىغا ئاسقان، ئىچ-قارنىنى ئالغان، پارچىلىغان هەرىكەتلەرنى تاماملايدۇ، ئىككى يىگىت بۇرگە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تونچە چاپاننى ئىككى تەرەپتىن چىلك تۇتۇپ تۇرىدۇ.

بۇرگىنىڭ گۆشىنى تارتقان ۋاقىتتا ياخشى يەرلىرىنى ياخشى ئادەملەرگە، ناچار يەرلىرىنى سورۇندا ئەدەپسىزلىك قىلغانلارغا تارتىدۇ هەم هەجۇيى هەرىكەتلەر بىلەن خالىغان كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ گۆش تارتقان هەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ.

ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز؟
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئۆزلىرىگە تارتتىم كالللىسىنى
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
سوغۇقچانىنىڭ دورىسىنى
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز؟
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە تارتتۇق قوللىرىدىن.
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
گۆللەر ئۈنسۈن يوللىرىدىن.
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز؟
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە تارتتۇق قوۋۇرغا
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
قىلىڭ ئاداشقا سوۋغا
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز؟
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز؟
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە تارتتۇق سانلىرىدىن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
قوشۇپ يەنە قانلىرىدىن
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز؟
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە تارتتۇق بويىنىدىن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
قىززىپ كەتسۇن قويىنىدىن
هەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز؟
هەي بۇگەم پالۋان بۇگەم

ئۆزلىرىگە تارتتۇق بۆرىكنى
ھەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئۆزلىرىگە تارتتۇق سىيگۈلىكنى
ھەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
ئۆزلىرىگە نەنى تارتىمىز ؟
.......
ئەڭ ئاخىرىدا تونىنىڭ ئىگىسى ئالدىغا بېرىپ:
ھەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە قاپتۇ توقماق ئۇچەي
ھەي بۇگەم چاۋاش بۇگەم
قوشۇپ بېرەي پوقلۇق ئۇچەي
ھەي بۇگەم پالۋان بۇگەم
ئۆزلىرىگە تارتتۇق ئۆپكىسى
جۇۋا قىلىۋالسىلا تېرىسىنى.

تېرىسىنى جۇۋا قىلىپ كىيىۋالسىلا، — دەپ تونىنى ئىگىسىگە يېيىپ قويۇپ قوشاقنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

**11. بۇدىمەت ئويۇنى**

ئاۋۋال قىسقا قىلىپ مەشرەپتىن بىر پەدە چېلىنىدۇ، ئىككى يىگىت ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، مەشرەپ بۇدىمەت سۆزىگە يۆتكەلگەن ھامان يىگىتتىن بىرسى چۈشۈپ كېتىدۇ. بىر داپچى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بۇدىمەت پەدىسىگە داپ چالىدۇ. بۇدىمەت ئويۇنى رەسمىي باشلىنىدۇ. بۇدىمەت رولىنى ئالغان يىگىت قولىغا بىر تال كالتەكنى ئېلىپ داپچىنىڭ نەغمىسىگە ئاساسەن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

ھەر بىر مىسرا ئىككىدىن ئوقۇلىدۇ:

ئۇسسۇل ئويناڭ بۇدىمەت ئۇسسۇل ئويناڭا،
تام باغاشلاڭ بۇدىمەت تام باغاشلاڭا،
تامنى سۆيۈڭ بۇدىمەت تامنى سۆيۈڭا،
ساغرى قاشلاڭ بۇدىمەت ساغرا قاشلاڭا،
ئۇسسۇل ئويناڭ بۇدىمەت ئۇسسۇل ئويناڭا،
ئۇنى يىگەن بۇدىمەت، بۇنى يىگەن بۇدىمەت،
لەگمەن يىگەن بۇدىمەت، پولۇ يىگەن بۇدىمەت،
مانتا يىگەن بۇدىمەت، لازا يىگەن بۇدىمەت،
زاڭ ئىچكەن بۇدىمەت بۇدىمەتا.

ناخشا مەزمۇنىغا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئويۇن ئوينىغۇچى ناخشىچىلار نېمە دېسە، شۇ ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇسسۇل ئويناڭ بۇدىمەت ئۇسسۇل ئويناڭا،
قاقشاڭ بۇدىمەت قاقشاڭا،
يىغلاڭ بۇدىمەت يىغلاڭا،
كۈلۈڭ بۇدىمەت كۈلۈڭا،
ئاقساڭ بۇدىمەت ئاقساڭا،
مايماق بۇدىمەت مايماقا،
ئۇنى يىگەن بۇدىمەت، بۇنى يىگەن بۇدىمەت،
لەگمەن يىگەن بۇدىمەت پولۇ يىگەن بۇدىمەت،
مانتا يىگەن بۇدىمەت لازا يىگەن بۇدىمەت،
زاڭ ئىچكەن بۇدىمەت بۇدىمەتا.

ئۇسسۇل ئويناڭ بۇدىمەت ئۇسسۇل ئويناڭا،
ئولتىيىپ ئويناڭ بۇدىمەت ئولىيىپ ئويناڭا،
دۈمدە ياتىڭ بۇدىمەت دۈمدە ياتىڭا،
يەر باغاشلاڭ بۇدىمەت يەر باغاشلاڭا،
سۆگەڭچ قاشلاڭ بۇدىمەت سۆگەڭچ قاشلاڭا،
قوپاڭ بۇدىمەت قوپاڭا،
ئۇنى يىگەن بۇدىمەت، بۇنى يىگەن بۇدىمەت،
لەگمەن يىگەن بۇدىمەت، پولۇ يىگەن بۇدىمەت،
مانتا يىگەن بۇدىمەت، لازا يىگەن بۇدىمەت،
زاڭ ئىچكەن بۇدىمەت بۇدىمەتا،
زاڭ ئىچكەن بۇدىمەت بۇدىمەتا.
چۆرگىلەپ ئويناڭ چۆگىلەپا،
ئۆرگىلەپ ئويناڭ ئۆگىلەپا،
پىرقىراڭ بۇدىمەت پىقىراڭا،
پىرقىراڭ بۇدىمەت پىقىراڭا.

ئۇسسۇل ئوينىغان يىگىت پىرقىراۋېتىپ ئۆزىنى تاشلاپلا ھوشىدىن كەتكەندەك يېتىۋالىدۇ. داپچى ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ باقىدۇ، سورۇندىكىلەر ئۇسسۇلچىنى تولا پىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى، بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەيدى دەپ ساراسىمىگە چۈشىدۇ، داپچى يۈرىكىگە سۇ پۈركىدۇ، ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ، تۇرمايدۇ، ئاخىر ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان بارلىق مىراسلارنى ھەممىنى بېرىش بەدىلىگە ئورنىدىن تۇرۇشقا يالۋۇرىدۇ، ئۇسسۇلچى ئاندىن ئورنىدىن تۇرىدۇ.

رەتلىگۈچى: توخسۇن ھۇسەيىن ئەلقۇت
(گۇما ناھىيە كلياڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە)



# ئۇيغۇرلاردىكى سايپاق ئويۇنى



ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل

سايپاق — دۈگىلەك، ياپىلاق، سىلىق، دىيامېتىرى بەش-ئالتە سانتىمېتىردىن 10~15 سانتىمېتىرغىچە بولغان تاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىش ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى مۇنداق:

پائالىيەت مەيدانى كەڭ ئوچۇقچىلىقتا بولىدۇ. قىش كۈنلىرى كۆللەردە ياكى ئېتىزلاردا مۇز ئۈستىدە ئوينىلىدۇ، ياز كۈنلىرى قۇرۇق كەڭرى مەيداندا يەردە ئوينىلىدۇ. مەيدان ئۇزۇنلۇقى 40 ~ 50 مېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 5 ~ 6 مېتىر ئەتراپىدىكى ئوچۇقچىلىق بولسىلا كۇپايە. مەيداننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا نۇقتا بەلگىلەپ، دۈگىلەك ياكى ئېللىپىس شەكىللىك سىزىق سىزىلىدۇ. مۇز ئۈستىگە تاش بىلەن ئۇرۇپ ئىز چىقىرىلىدۇ. بۇ «ئوردا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغانلار ئوردىغا ياغاق تىكىدۇ، ئادەم سانىغا قاراپ، ئادەم كۆپ بولسا، بىر ئادەم بىردىن، ئادەم ئاز بولسا ئىككى ~ ئۈچتىن تىكىدۇ. تىكىلگەن ياغاقلارنى تىزىش ئىككى

خىل بولۇپ، بىرى دۈۋىلەپ تىزىش، يەنە بىرى قاتار تىزىش. دۈۋىلەپ تىزىشتا ياغاچ سانى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى بىر دۈۋە قىلىپ تىزىلىدۇ. قاتار تىزىشتا ياغاچ سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن، بىر قاتاردىن تۆت قاتارغىچە تىزىلىدۇ. ئوردىنىڭ بىر تەرىپىگە يىراقراق يەرگە پەللە بېكىتىلىپ، سىزىق سىزىپ بەلگە قىلىنىدۇ. بۇ «باش پەللە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە پەللىنىڭ ئوردا بىلەن ئارىلىقى 15 ~ 30 مېتىرغىچە بولىدۇ. مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن قاتناشقۇچىلارنىڭ نۆۋىتى بېكىتىلىدۇ. مۇسابىقە باشلانغاندا بىر ماھىر پەللىدە تۇرۇپ، سايپاق تاشنى ياغاچقا قارىتىپ ئاتىدۇ، سايپاق ياغاچقا تېگىپ، ئوردىدىن قانچە ياغاچنى چىقىرىۋەتسە، شۇ ياغاچنى ئۇتقان بولىدۇ. ھەممىنى تولۇق چىقىرىۋېتەلمىسە، ئويۇن باشتىن باشلىنىدۇ. ئوردىدىن ياغاچ چىقىرالمىسا ياكى ھەممىنى تولۇق چىقىرالمىسا، سايپاق توختىغان جاينى سىزىپ قويىدۇ، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئاياغ پەللىسى بولىدۇ. ئىككىنچى بىر ماھىر باش پەللىدىن سايپاق ئاتىدۇ. ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ، ھەممە ماھىر باش پەللىدىن بىر نۆۋەت سايپاق ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاياغ پەللىسىنى بېكىتىپ بولغاندا، ئوردىدا يەنە چېقىلمىغان ياغاچ بار بولسا، ماھىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئاياغ پەللىسىدىن قايتا سايپاق ئاتىدۇ. ئاياغ پەللىدىن سايپاق ئېتىشتا، كىمنىڭ پەللىسى ئوردىدىن ئەڭ يىراق بولسا، شۇ بىرىنچى بولۇپ ئاتىدۇ. ئاياغ پەللىسى ئوردىغا ئەڭ يېقىن ماھىر ئەڭ ئاخىرىدا ئاتىدۇ. بۇ ئىككى تەرتىپ ئاخىرلاشقۇچە بىر تالمۇ ياغاچنى ئوردىدىن چىقىرالمىسا، ئويۇن قايتا ئوينىلىدۇ، بىر تالدىن يۇقىرى ياغاچ ئوردىدىن چىقىرىلغان بولسا، قالغان ياغاچنىڭ ئۈستىگە يەنە ياغاچ تىكىلىپ ئويۇن قايتا ئوينىلىدۇ. يۇقىرىقى تەرتىپلەر تاماملانماي تۇرۇپ، ئوردىدا ياغاچ قالمىسا، يېڭىباشتىن ياغاچ تىكىپ، ئويۇن باشتىن باشلاپ ئوينىلىدۇ. ئويۇن جەريانىدا سايپاق ياغاچنى چېقىۋېتىش ئەھۋاللىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. چېقىلىپ كەتكەن ياغاچ «گۆش بولدى» دېيىلىپ تاماشىبىنلار تېرىپ يەيدۇ.

بۇ ئويۇننى ئاساسلىقى چوڭلار ئوينايدۇ. بەزىدە بالىلارمۇ ئوينايدۇ، لېكىن بالىلارنىڭ باش پەللىسى يېقىنراق، سايپاق تېشى كىچىكرەك بولىدۇ. ياغاچ تاپالمىغان بالىلار ياغاچ ئورنىغا ئۇرۇقچا (شاپتۇل ئۇرۇقچىسى ياكى ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى) تىكىپ ئوينايدۇ.

بۇ ئويۇننى مۇز ئۈستىدە ئويناش بىلەن توپىلىق يەردە ئويناش ئايرىم ـ ئايرىم ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. مۇز ئۈستىدە ئوينىغاندا، سايپاقنى يىراق يەردىن سىيرىلىپ كېلىدىغانغا ئاتمىسا، مۇز ئۈستىدە قاڭقىپ كېتىپ، ياغاچقا تەگمەي قالىدۇ، توپىلىقتا ئوينىغاندا سايپاقنى ئوردىغا يېقىن يەردىن سىيرىلىپ بارىدىغانغا ئاتمىسا، سايپاق توختاپ قېلىپ ياغاچ يېنىغا يېتىپ بارالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

سايپاق ئويۇنىنىڭ قايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن بۇ ئويۇننىڭ ھازىر خەلقئارا تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرى قىلىپ بېكىتىلىپ كەڭ ئومۇملاشقان «سوقما توپ (ياكى دومىلاتما توپ)» تۈرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىكەنلىكى ئېنىق. سايپاق ئويۇنىنىڭ تاش ئېتىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق دەۋرلىرىدە ياۋايى ھايۋانلارغا تاش ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ ئوۋلاش، سالغا تېشى ئېتىپ ئوۋلاش قاتارلىق ئوۋ ئۇسۇلىنى مەشىق قىلىش يۈزىسىدىن پەيدا بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى سايپاقنى ئېتىشتا نەق جايىغا چەنلەپ ئېتىش، يىراقتىن ئېتىش، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېتىش قاتارلىق ماھارەتلەر يۇقىرىقى ئوۋ شەكىللىرىنىڭ تەلىپىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

يېقىنقى دەۋرلەردىن بېرى بۇ خىل ئويۇنلارنىڭ ئورنىنى تېلېۋىزور كۆرۈش ئىگىلەپ كەتكەچكە، بۇ مۇسابىقە تۈرى ئىستېمالدىن قالدى. بۇ ئويۇننى ئويناشنى بىلىدىغانلار ياشىنىپ قالدى. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇنداق ئويۇن بارلىقىنى بىلمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ جەددىي قۇتقۇزۇپ قېلىشقا، شۇنداقلا مەكتەپلەردە مىللىي تەنھەرىكەت تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆگىتىشكە ئەرزىيدىغان ئېسىل مەدەنىي مىراسىمىزدۇر.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چاچ پەرداز ئادەتلىرى



ئامىنە زەيدىن

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ساغلام ئىنساني تەبىئەتتۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە ئۆزگىچە ياسىنىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز ئادەتلىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «قوزاندى — بېزەندى، ياساندى، پەدەز قىلدى. ئۇراغۇت بەزەندى قوزاندى - خوتۇن بېزەندى، ياساندى.» (2 - توم، 220 - بەت) دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى ئىچىدە چاچ پەرداز قىلىش ئادەتلىرى نىسبەتەن گەۋدىلىكرەك ئىپادىلىنىدۇ.

چاچ — ئادەمنىڭ باش قىسمىدا ئۆسىدىغان قىل تالالار بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چاچنىڭ ئىسسىقتا ئۇزىراش، ئىسسىقلىقنى سۈمۈرۈۋېلىپ باشنى كۈن نۇرىنىڭ زەخمىلەندۈرۈشىدىن ساقلىسا، سوغۇقتا باشنى سوغۇقتىن ساقلايدۇ. چاچنىڭ رەڭگى (قارا، سېرىق، ئاق) ۋە شەكلى (تۈز، بۇدرە) ئىنسانلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە گېن، ئىرسىيەت قاتارلىق فىزىئولوگىيەلىك ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىرقىي پەرقلىرىنى ئايرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. چاچ گۈزەللىكنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلاردا چاچنىڭ گۈزەللىكىگە قويۇلىدىغان تەلەپ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، چاچنىڭ ئۇزۇن، قارا، پارقىراق، يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇشى چاچ گۈزەللىكىنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىنغان. تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ ھەر خىل بولۇشى تۈپەيلى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چېچىنىڭ رەڭگى، شەكلىدە ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە تۇيغۇسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ چاچ ھەققىدىكى گۈزەللىك ئۆلچىمى، چاچنىڭ پاسونى، چاچقا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلىرى ۋە پەرھىزلىك قاراشلىرىدىمۇ بەلگىلىك يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىز تارىخىي خاتىرىلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاچ ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلىرى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلارنى تاپالايمىز. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سەيياھى شۈەن جۇاڭ (602 ~ 664 - يىللار)نىڭ «غەربىي يۇرتلارغا ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى دەرياسى بويىدىكى قۇرۇلغان قارلۇق دۆلىتىنىڭ ئاھالىلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئاھالە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە چېچىنى بېشىغا يۆگەپ، چوققىسىنى ئوچۇق قويىدىكەن. بەزىلىرى چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن»① دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ساچ — چاچ.» (1 - توم، 421 - بەت)؛ «ئارسال — ئارسال ساچ — قوڭغۇر چاچ.» (1 - توم 143 - بەت)؛ «بۇغۇردا — بۇدرە. بۇغۇردا ساچ — بۇدرە چاچ» (1 - توم، 636 - بەت)؛ «يەترۈم — قويۇلغان، قويۇۋېتىلگەن. يەترۈم ساپ- بىر قېتىم چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆسۈپ يېتىلسۇن دەپ قويۇۋېتىلگەن چاچ» (3 - توم، 62 - بەت) دەپ خاتىرىلەيدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي خاتىرىلىگەن چاچنىڭ رەڭگى ۋە شەكلى ھەققىدىكى بۇ ئۇچۇرلار تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى چاچ شەكىللىرىنىڭ بىرى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ شەكلىدىن ئىبارەت. «ئۆرۈمە چاچنىڭ شەكىللىرى ئىككى ئۆرۈمە، ئۈچ ئۆرۈمە ۋە ياكى كۆپ ئۆرۈمە

شەكىللىرى بىلەن نىسبەتەن مۇقىملىققا ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشتىن بۇرۇن، غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە ئوغۇل - قىز ئايرىماستىن، ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىلا بۇ خىل ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئەنئەنىسى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت مەنىسىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلىگەن»②. تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، «ھازىرقى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ، يەنى بۇنىڭدىن 4000 ~ 5000 يىللار بۇرۇنقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىكەنلىكى ئېنىق»③. بۇلاردىن باشقا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ھەققىدە بەزى خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. مەسىلەن، «دىۋان» دا «ئۆرگۈچ — ئۆرۈمە چاچ. خوتۇنلارنىڭ ئۆرۈمە چېچى» (1 - توم، 12 - بەت)؛ «ئۆرچۈك — ئۆرۈلگەن چاچ» (1 - توم، 140 - بەت)؛ «ئۆرگۈچلەندى — ئۆرۈمە چاچلىق بولدى. قىز ئۆرگۈچلەندى — قىزنىڭ چېچى ئۆرۈمىگە كىردى، يەنى قىز ئۆرۈمە چاچلىق بولدى (ئۆرگۈچلەنۈر — ئۆرگۈچلەنمەك)» (1 - توم، 410 - بەت)؛ «ئۆرۈك — ئۆرۈك. ئۆرۈك ساچ - ئۆرۈك (ئۆرۈمە) چاچ» (1 - توم، 94 - بەت) دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئىزچىللىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھەر خىل ئۆرۈمە چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن.



«ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى 15، 17، 21 ھەتتا 41 تال قىلىپ تاق ئۆرۈلىدۇ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق تويى قىلىنمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇل چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاك (شىللا) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۈرۈلىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللا قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ. توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن ياتلىق قىلىنغان بۇ قىزنىڭ كوكۇل چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ. ئۇزۇن سومبۇل چېچى قويۇلىدۇ. چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. چاچنىڭ بەدىلىگە ‹چاچ قوشاق تويى› ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياتلىق قىلىنغان ئايال باللىق بولغاندا، بالچۇق چاچ (كىچىك ئۆرۈمە چاچ) قويۇلىدۇ. ياڭاق چاچمۇ بولىدۇ. ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ، ئۇلار ياڭاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز... تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالچۇق، ياڭاق چاچلىرى بولمايدۇ. ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ. چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئۆزىگە ئەر تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئايال دەپ قارىلىدۇ ۋە ئۇنداق ئاياللارنى يامان كۆرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۈرگەن ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ قىز، جوكان، جۇۋان، نەۋرىلىك بولغان ئايال، ياشانغان ئايال ۋە ئەخلاقسىز تۇل ئايال... ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاياللارنىڭ چېچىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ»④.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىدا چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈرمەل قىلىپ يۆگىۋالىدىغان ئادەتمۇ بار. «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇر قىز - جوكانلىرىدا چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈرمەل قىلىپ يۆگەۋالىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇ خىل چاچ ‹ئۇيغۇرچە تۈرمەل چاچ› دەپمۇ ئاتىلىدۇ»⑤. ئاياللار ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تاللىشى ۋە يۈز، باش شەكلىنى ئاساس قىلىپ تۈگۈنچەك چاچ شەكلىنى قوللانغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چاچلرىنىڭ توم، ئۇزۇن، قارا ۋە پارقىراقلىقىدىن پەخرلىندۇ. سۇمبۇل چاچ ئۇيغۇر قىز - ئايالليرىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ئۆز گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چاچ پەرۋىشگە بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ چاچ ئاسرايدىغان پەرداز بۇيۇملىرىدىن جىگدە يېلىمى، دۇمبە، ياغلىقارا، سىياھدان، تۇخۇم، زەيتۇن مېيى... قاتارلىقلار بار. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

(1) جىگدە يېلىمى — جىگدە دەرىخىنىڭ غولى بىلەن قوۋزىقى ئارىلىقىدىن ئېقىپ چىقىدىغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، قايناپ چىقىدىغان شىلىمسىمان بىر خىل ماددا. ئەتىياز كۈنلىرى جىگدە غولىنى كەكە بىلەن چاناپ قويسا بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن چانالغان جايدىن يېلىم چىقىدۇ. يېلىمنى ئېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرغاق جايدا ساقلاپ قويۇپ، كىچىك قاچىغا چىلاپ قويۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشۇپ سۇيۇقلاشتۇرغاندىن كېيىن چاچقا چېپىلىدۇ. جىگدە يېلىمى چاچنىڭ ئۆسۈشىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ. چاچقا يېلىم چېپىلىپ ئاندىن چاچ ئۆرۈلىدۇ، يېلىم چېپىلغان چاچ ئاسان چۇۋۇلمايدۇ. چاچ چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چاچنى قويۇقلاشتۇرىدۇ.

(2) سىياھدان — ئۇيغۇر ئاياللىرى چېچىنى قارايتىش، چاچ چىقىرىش ئۈچۈن چاچ يىلتىزىغا سىياھدان مېيى سۈرىدۇ. ئۇزۇن مەزگىل سىياھدان ئىستېمال قىلسا ئاقىرىپ كەتكەن چاچلار قارىيىدۇ ھەم چاچ ئاقىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(3) ياغلىقارا — ئۇيغۇر ئاياللىرى بادام مېغىزى ۋە شاپتۇل مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ مېيىنى چىقىرىپ چېچىغا سۈرىدۇ. بۇ «ياغلىقارا» دەپ ئاتىلىدۇ. ياغلىقارا چاچنى قارايتىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە پارقىرىتىدۇ.

(4) دۇمبە — قوينىڭ قويرۇق مېيى بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن قوينىڭ قۇيرۇقى كېسىۋېلىنىپ ئارىدىن يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ. دۇمبە قانچە كونا بولسا شۇنچە ياخشى ھېسابلىنىدۇ. دۇمبىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىققا مايىل بولۇپ چاچنى مايلاشقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. چاچنىڭ قۇرغاقلىشىپ قېلىشى، سارغۇچ رەڭگە كىرىپ قېلىشى ۋە چاچنىڭ ئۇچىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چاچنى دۇمبە بىلەن ياغلاپ، چاچنىڭ ئېلاستىكلىقى ۋە پارقىراقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. دۇمبە سۈرۈلسە چاچنىڭ نەملىكى ئېشىپ، چاچ تېز ئۆسىدۇ.

(5) تۇخۇم — تۇخۇمنىڭ چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش رولى بار بولۇپ، چاچنى يۇمشاق، پارقىراق قىلىدۇ. تۇخۇمنى چاچقا سۈرۈپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ يۇيۇۋەتسە چاچ تېخىمۇ تومىلىشىپ، پارقىراق، جانلىق بولىدۇ.

ئىلگىرى ئېلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇيغۇرلاردا چېچى شالاڭ ۋە قىسقا ئاياللار جالا چاچ (سۈنئىي چاچ) سالىدۇ. سۈنئىي چاچ سېلىشنىڭ ئۇزۇن چاچ سېلىش ۋە ماڭلاي چاچ سېلىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بار. مەھمۇد كاشغەرىي ئاياللارنىڭ ئۆچكە چۈپۈرىدىن ياسالغان سۈنئىي چاچلارنى سالىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. مەسىلەن، «دىۋان»دا «ئۆڭمەك — چۈپۈر چاچ. خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۈپۈرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى. ئۆڭمەك يۆرگەيەك — ئۇلانما چاچ.» (1 - توم، 182 - بەت)؛ «ئۆڭمەكلەندى — چاچ سالدى. ئۇراغۇت ئۆڭمەكلەندى — خوتۇن چاچ سالدى، يەنى ئۆچكە چۈپۈرىدىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى (ئۆڭمەكلەنۇر — ئۆڭمەكلەنمەك)» (1 - توم، 409 - بەت) دەپ خاتىرىلەنگەن. قىسقىسى، ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپ چاچلىرىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن ۋە بىر يۈرۈش چاچ پەرداز ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. چاچ پەردازى ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى يەرلىك بىلىملەرنى قېزىپ چىقىپ، ئۇنى زامانىمىز ئاياللىرىنىڭ چاچ گۈزەللىكى، چاچ پەرۋىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە چوقۇمكى بەلگىلىك ئۆلۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئىزاھلار:


① ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، 7 - ئاي 1 - نەشرى، 33 - بەت.

② ھەسەنجان ئابلىز: «ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ 20 - ئەسىردىكى ئۆزگىرىشى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005 - يىل، 3 - سان، 4 - بەت.

③ ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق: «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 - يىل، 12 - ئاي 1 - نەشرى، 54 - بەت.

④ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل، 8 - ئاي 1 - نەشرى، 156 - بەت.

⑤ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، 8 - ئاي 1 - نەشرى، 291 - بەت.


(ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە)




**مەتتوختى جۇرئەت**

قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك

— ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

ئائىلە — ھۇجەيرە، ئۇ يىگانە ئەمەس، بەلكى باشقا ئائىلىلەر تۈركۈملىرى ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەت گەۋدىسىگە باغلىنىدۇ.

— ئا. ئا. مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئائىلە» ناملىق كىتابىدىن

2004-يىلى 7-ئايدا زىيارەتچى مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە شۋېيتسارىيەنىڭ لوزان شەھرىدە بىر يىللىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇ جەرياندا مەن تۇرۇۋاتقان لوزان شەھرىنىڭ دۆغى رايونىدىكى كىلەغ خانىمنىڭ ئۆيى جايلاشقان بىنادا چەت ئەللەردىكى «قوشنىلار بايرىمى» دېگەن بۇ يېڭى ئۇقۇمنى تونۇدۇم.

«قوشنىلار بايرىمى» يەنە «ياۋروپا قوشنىلار كۈنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بايرام 1995-يىلى پارىژ 17-رايونىنىڭ ياشلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى يۈكسەلدۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل پارلامېنت ئەزاسى ئادىسانا. پېلىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. 1999-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك قوشنىلار بايرىمى پارىژ 17-رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن. 2000-يىلى فرانسىيە ھۆكۈمىتى 5-ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىنىڭ سەيشەنبە كۈنىنى قوشنىلار بايرىمى كۈنى قىلىپ بېكىتكەن، 2003-يىلىدىن باشلاپ بۇ خەلقئارالىق بايرام بولۇپ قالغان.

2006-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى شۋېيتسارىيەدە قوشنىلار بايرىمى بولدى. بايرام كېلىشتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇنلا مەن ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ئىگىسى كىلەغ خانىم ماڭا بۇ بايرام توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە مېنى بۇ بايرامغا قاتنىشىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانىدى. كىلەغ خانىمنىڭ ئۆيى يولبويىغا جايلاشقان ئالتە قەۋەتلىك بىنادا بولۇپ، ئەتراپىدا تاللا بازىرى بار ۋە كوچا ئاپتوبۇسى بېكىتىگە ئىنتايىن يېقىن، مۇھىتى پاكىز، تىنچ بىر مەھەللە ئىدى. مەن بۇ يەردە بىر يىل تۇرۇش جەريانىدا بۇ مەھەللىدە كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى، يىراق قوشنىلارنىڭ ئاساسەن ئىزدىشىپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. كىلەغ خانىمنىڭ ئىككى ئوغلى (ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ بۇرۇنلا يولدىشى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن) بار بولۇپ، چوڭ ئوغلى جەنۋەدە ئىكەن، كىچىك ئوغلى مۇشۇ شەھەردە بولسىمۇ كۆرۈشمىگىلى تۆت-بەش يىل بوپتۇ، بىر يىل تۇرۇش جەريانىدا چوڭ ئوغلىنى ئىككى قېتىم كۆردۈم، چوڭ ئوغلىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 20 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئەل سۆيەر ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقان «يوقلاپ تۇرغىن ئاتا-ئاناڭنى» دېگەن ناخشا ئېسىمگە كېلىپ قالدى ھەمدە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ جەھەتتە ھەرگىزمۇ بىزگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم ۋە ئىنتايىن پەخىرلەندىم. مەن تۇرۇۋاتقان ئۆي بۇ بىنانىڭ 3-قەۋىتىدە. (بۇ يەردە ئادەتتىكى ئىككى-ئۈچ قەۋەتلىك بىنالارغىمۇ لىفت ئورۇنلاش-

www.uyghurkitap.com



تۇرۇلغان، بىر مېھمانخانا، ئاشخانا، مۇنچا، ئۇچ ياتاق ئۆيدىن تەركىب تاپقان بولۇپ تۇرمۇشقا قولايلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ماڭا ئەڭ بەك تەسىر قىلغىنى بۇ ئۆينىڭ ئاشخانىسى بىلەن ئۆينى ئىسسىتىش قۇرۇلمىسى، ئۆي پار بىلەن ئىسسىتىلىدىغان بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تېمپېراتۇرىنى ئۆزىڭىز كونترول قىلالايسىز. ئاشخانىغا توك ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوچاقنىڭ ئۈستىدە تاماق قىلغىلى، ئاستىدا ھەر خىل بولكا، پېچىنە-پىرەنىك پىشۇرغىلى بولىدىغان چوڭ دوخۇپكا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما بۇ يەردە يېزىلىرىمىزدىكىدەك قوشنىلار ئۆزئارا تاماق سۇنۇشىدىغان، پات-پات قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىردەم، يېرىمدەم مۇڭدىشىدىغان، كۆكتات، خېمىرتۇرۇچ، تۇز قاتارلىقلارنى ئۆزئارا سورايدىغان ئەھۋاللار ئەسلا يوق، مەنمۇ كىلەغ خانىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان بىر يىلدىن بۇيان ئەڭ كىچىك قوشنىدارچىلىق، مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتىدە بولمىدىم. بۇ جەھەتتە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق خاھىشى كۈچلۈك بولغان «يەككە ئادەم»لىك «بېكىنمە» ئىنسانلىق مۇناسىۋىتىدىن بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇيۇشۇش، چۈشىنىش، ئارىلىشىش ئاساس قىلىنغان «ئېچىۋېتىلگەن» ئىنسانلىق مۇناسىۋەت زەنجىرىمىز ئارىدىكى سېلىشتۇرما مېنىڭ مۇساپىرلىق تۇيغۇلىرىمغا يەنىمۇ چوڭقۇر غېرىبلىقنىڭ سايىسىنى تاشلايتتى. كىلەغ خانىم مېنى قوشنىلار بايرىمىغا تەكلىپ قىلغىنىدا «ئىنساننىڭ ئىنساندىن ياتلىشىشى»دەك غەربچە ئىنسانىي مۇناسىۋەت زەنجىرىدىكى بۇ ئالاھىدە ئەھۋالدىن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم ۋە كىلەغ خانىمنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. كىلەغ خانىم ماڭا بۇ بايرام توغرىسىدا مۇنداق دېدى: شۋېيتسارىيەدە بۇ بايرامنى رەسمىي يولغا قويغىلى تېخى ئۇزاق بولماپتۇ، بۇ بايرامنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرقايسى چوڭ تاللا بازارلىرى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن بايرامغا كېرەكلىك بولغان خاتىرە مايكىسى، خاتىرە شارى قاتارلىق بۇيۇملارنى ھەقسىز ياكى ئېتىبار باھادا تەمىنلەيدىكەن، ئادەتتە بۇ بايرام ئولتۇراق بىنالارنى بىرلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈلىدىكەن، مەسىلەن، بىنانى بىرلىك قىلىپ ھەر يىلى بىر بىنادىن ئىككى ئائىلە باش بولۇپ بۇ بايرامنى تەشكىللەيدىكەن. ئادەتتە بايرام كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئالدى بىلەن بۇ بايرامنى تەشكىللەيدىغان ئىككى ئائىلە ئۆزلىرى تەييارلىغان نەرسىلەرنى تىزىپ باشقا قوشنىلارنىڭ كېلىشىنى ساقلايدىكەن، باشقا قوشنىلارمۇ بۇ يەرگە ئۆزلىرى ئاتىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن، شۇنداق قىلىپ خۇشال - خۇرام كەيپىيات ئىچىدە بايرام ئۆتكۈزىدىكەن.

بۇ يىلقى تەشكىللەش نۆۋىتى دەل مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ قوشنىسىغا كەلگەن ئىكەن. بۇ بايرامغا ئىككى كۈن قالغاندا خانىم بۇ بايرامغا كېرەكلىك بولغان خاتىرە مايكىسى، خاتىرە شارى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەن 2006-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى چۈشتىن كېيىن تەتقىقات ئورنىغا بارماي ئۆي ئىگىسىگە ياردەملىشىپ كىچىك ناسۇس ئارقىلىق خاتىرە شارىغا يەل ئۇرۇپ بەردىم. خانىم مېنىڭ ياردىمىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە بىر قانچە پارچە رەسىمگە تارتىپ قويدى. كەچ سائەت 4:30 لەر بىلەن كېرەكلىك نەرسىلەرنى بىنانىڭ كارىدورىغا ئەپچىقىپ تىزدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قېتىملىق بايرامنى تەشكىللەيدىغان يەنە بىر ئائىلىمۇ ئۆزى تەييارلىغان نەرسىلەرنى ئەپچىقىپ تىزىپ قويدى، مەن خاتىرە مايكىلارنى ۋە شارلارنى كۆزگە كۆرۈنىدىغان يەرلەرگە ئېسىپ قويدۇم. تەييارلىق خىزمەتلىرى خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە پۈتتى، بۇ بىنادىكى باشقا قوشنىلار بىردىن، ئىككىدىن ئىشتىن كېلىشكە باشلىدى، ھەممىسىنىڭ چېھرىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. بۇ بىنادا ئولتۇرىدىغانلار، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر بولۇپ، مېنىڭمۇ قاتنىشىشىم بىلەن بۇ بايرام ھەقىقىي خەلقئارالىق بايرامغا ئايلاندى.

كۆپچىلىك يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن كىلەغ خانىم بايرامنىڭ باشلانغانلىقىنى ھەمدە بۇ يىلقى بايرامغا ئالاھىدە بىر مېھماننىڭ (مېنى دېمەكچى) يەنى جۇڭگودىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىرگە بۇ بايرامنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتتى. كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاكلار بىلەن مېنى قارشى ئالدى، كىلەغ خانىم ھەر بىر كىشىگە مېنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى. بىز بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن تاتلىق - تۈرۈملار بىلەن ئىچىملىك ئىچكەچ ئۆزئارا قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتۇق.

بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم، مەن دەسلەپتە سەل تارتىنىش ئىچىدە قالغاندىم، كېيىن ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ئىچىدە خىجىلچىلىق، تارتىنىش ئالللىقاياقلارغىدۇ تارقاپ كەتتى...

مەن بۇ بايرامغا قاتنىشىۋېتىپ خىيال كەپتىرىم يىراق-

تا قالغان يۇرتىمىزغا كېتىپ قالدى. قوشنىدارچىلىق ئەسلىدىنلا بىز ئۇيغۇرلاردىكى ئېسىل ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزگە بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ.

بۇرۇن بىز كىچىك ۋاقىتلاردا قوشنىلار ئۆزئارا تاماق سۇنۇشىدىغان، كېسەل بولۇپ قالغانلارنى يوقلايدىغان، باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتسە، قوشنىلار بېرىپ يوقلايدىغان، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە يىراقتىن مېھمان كەلسە، مېھمانلىرىنى نۆۋەت بىلەن چاقىرىۋالىدىغان، قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يېتىم بولسا ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىدەك مۇئامىلە قىلىدىغان، قوشنىلار ئارا زىددىيەت بولۇپ قالسا يەنە بىر قوشنا چاي قۇيۇش ياكى ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرىش شەكلى ئارقىلىق ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويىدىغان، ھېيت-ئايەملەردە بىر ئۆيگە يىغىلىپ نان ياقىدىغان، ساڭزا-بوغۇرساقلارنى سالىدىغان ئىنتايىن ئىناق ئۇرۇق-تۇغقاندىن چارە يېقىنلىق بار ئىدى.

ئەمما ھازىر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەردە ئادەمىيلىك سۇسلاپ كەتتى، بىر قانچە يىل بىرگە تۇرغان قوشنىلار ئۆزئارا تونۇشمايدۇ، ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشمايدۇ، قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە قانچە جان بار، قانداق ئۇرۇق-تۇغقانلار بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئوغرىلارمۇ قوشنىلار ئارىسىدىكى بۇ خىل ھالەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپكۆندۈزدە بىنا ئۆيلەرگە ئوغرىلىققا كىرىۋېرىدۇ. ئەگەر دەل شۇ ۋاقىتتا قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە ئۇچراپ قالسا، ھودۇقماستىن مەن ئۇلارنىڭ تۇغقىنى دەيدۇ، قوشنىلىرى قىلچە گۇمانلانمايدۇ.

قوشنا تاللاش ئىنتايىن مۇھىم، دانىشمەنلەر قوشنا تاللاشنى، ئائىلە جايلىشىدىغان ئورۇن تاللاشنى مۇھىم بىلگەن. ياخشى قوشنا دوست ھەم تۇغقاندىن ئارتۇق. بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تورى ئىچىدە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇھىم بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىرى.

مەن بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكى بىر كىچىككىنە ھېكايىنى سۇناقچى:

بۇ ھەقىقىي بىر ۋەقە بولۇپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2004-يىللىق مەلۇم سانىدا بېسىلغان. ئۈرۈمچىدە مەلۇم بىنادا ئولتۇرۇشلۇق بىرسى ئۆيىنى ساتماقچى بولۇپ يەنە بىر كىشى بىلەن بۇ ئۆيىنى 90 مىڭ يۈەنگە كېلىشىپتۇ. سېتىۋالغۇچى كېلىشىپ بولۇپ ئۇنىڭغا ئالدىن 40 مىڭ يۈەن پۇلنى بېرىپ قالغان پۇلنى ئەتىسى ئەكېلىدىغان بولۇپ ئايرىلىپتۇ، ئەتىسى سېتىۋالغۇچى قالغان 50 مىڭ يۈەننى كۆتۈرۈپ ساتقۇچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە پۇلنى ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ساتقۇچى ئۇنىڭغا قاراپ:

— 50 مىڭ يۈەن بەرسىلە بولمايدۇ، يەنە 30 مىڭ يۈەن قوشۇپ 80 مىڭ يۈەن بەرسىلە، — دەپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ سېتىۋالغۇچى:

— بىز ئاخشاملا تېخى بۇ ئۆيىنى 90 مىڭغا پۈتۈشكەن تۇرساق، مۇسۇلمان ئادەم لەۋزىلىرىدە تۇرمىسىلا قانداق بولغىنى؟ — دەپتۇ. ساتقۇچى:

— ئۆيىنغۇ شۇنداق كېلىشكەن، لەۋزىمدە تۇرىمەن، بىراق قوشنام ئالتۇنغا بەرگۈسىز ياخشى ئادەم ئىدى، كېچىچە يەنە مۇشۇنداق ياخشى قوشنا تېپىلارمۇ دەپ كۆپ ئويلاندىم، ئاخىر قوشنامنىڭ ياخشىلىقىغا پۇل قېتىپ بەرسىلە مۇۋاپىق بولغىدەك دەپ ئويلىدىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا قوشنامنىڭ باھاسى 30 مىڭ، — دەپتۇ.

«جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى»دا مۇنداق بىر ھېكايە خاتىرىلەنگەن: جەنۇبىي سۇلالىلەر لياڭ شياۋيەن دەۋرىدە لۈزېڭجېن ئىسىملىك بىر كىشى ئىنتايىن بىلىملىك، كەمتەر ئادەم بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالايتتى. نەنكاڭ ناھىيەسىنىڭ باقاۋۇلى سۇڭ ليا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇپ پايتەختتە ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغان مەزگىلدە، 1 مىليون پۇل خەجلەپ لۇ زېڭجېننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئۆيىنى سېتىۋالغان. لۇ زېڭجېن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن يۇقىرى باھادا بۇ ئۆيىنى سېتىۋالغانلىقىنى سورىغاندا، سۇڭ ليا مۇنداق دەيدۇ: «1 مىليون خەجلەپ ئۆي سېتىۋالغاندا، 10 مىليون خەجلەپ قوشنا سېتىۋېلىش كېرەك»، دېگەن.

سۇڭ ئەپەندىم نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ ياخشى قوشنا سېتىۋالدۇ؟

چۈنكى ئۇ ياخشى قوشنا بولغانلىق ئۆزىگە پۈتقۇل قوشۇلغانغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ ھېكايە بىزگە بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، ياخشى بولغان قوشنىدارچىلىق مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مۇنداق دېگەن:

4548. ئۆي ئالماق تىلەسەڭ، قوشنىغا قارا،
يەر ئالماق تىلەسەڭ سۈيىنى ئارا.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بىر ساغلام ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم، بىراق بۇخىل مۇناسى-

www.uyghurkitap.com



ۋەتىنلىك ئاساسى ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا تۆۋەندىكى يۇمۇرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاۋاز تەڭشىگۈچى

پىيانىنو رېمونتچىسى: — كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، مەن سىزنىڭ پىيانىنوڭىزنىڭ ئاۋازىنى تەڭشىگىلى كەلدىم.

ئۆي ئىگىسى: — نېمە؟ مەن سىزنى تەكلىپ قىلمىغان ئىدىمغۇ؟

پىيانىنو رېمونتچىسى، — بىلىمەن. بىراق مېنى سىز ئەمەس، قوشنىڭىز تەكلىپ قىلغان.

مەن بۇ يۇمۇرنى كۆرۈۋېتىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، ئەدىب، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا قوشنىلار ئىناقلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. مەسىلەن، ئۆز ئۆيىدە گۆش توغرىغاندا ئاستى - ئۈستىدىكى قوشنىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۈستىخانلىق گۆشنى قىڭراق بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەرە بىلەن كېسىپ پارچىلاپتىكەن، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋالنى توغرا چۈشەنمىگەن.

ھازىر پۈتۈن مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەكىتلىنىۋاتىدۇ ۋە بۇ خىزمەت قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى، شۇڭا ئائىلە ئىناقلىقى، شۇنداقلا ئائىلە بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى «قوشنىلار بايرىمى» ئىنتايىن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئاخىرلاشتى، ئاخىردا ھەممە ئادەم بىرلىكتە كېرەكسىز بوتۇلكا، قەغەز پارچىسى قاتارلىق ئەخلەتلەرنى تۈرى بويىچە خالتىلارغا سېلىپ بەلگىلەنگەن ئەخلەت قاچىسىغا تۆكۈپ بۇ قېتىمقى بايرامنى ئاخىرلاشتۇردۇق، مەن كەلگەن خانىمغا ياردەملىشىپ نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆيىگە ئەكىرىشىپ بەردىم. كەچتە تېلېۋىزور كۆرگەچ خانىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. خانىم مەندىن: — بۈگۈن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟ — دېۋىدى، مەن: — تەسىراتىم ئىنتايىن چوڭقۇر، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن پۈتۈن رايون بويىچە تەشكىللىيەلمىسەممۇ ھېچ بولمىسا مەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان بىنانى ئاساس قىلىپ بولسىمۇ بىر قېتىملىق «قوشنىلار بايرىمى» ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ قالدىم، — دېدىم. خانىم ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى ھەمدە: — «قوشنىلار بايرىمى» قارىماققا ئاددىي بايرام شەكلىدە ياكى كۆڭۈل ئېچىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئىنتايىن چوڭ، بۈگۈنكىدەك شەھەرلىشىش تېز بولۇۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش رىتىمى بەكلا تېز، كىشىلەرنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتىمۇ بەكلا ئاز. شۇڭا بۇ «قوشنىلار بايرىمى»نىڭ رولىدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. سىز ياخشى ئويلاپسىز، مەن سىزنى قوللايمەن. ئىشىنىمەنكى بەلكىم سىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ پىكرىڭىزنى ئائىلىڭىزدىكىلەر ۋە دوست- بۇرادەرلىرىڭىز، قولۇم- قوشنىلىرىڭىز چوقۇم قوللايدۇ ۋە جەمئىيەتمۇ قوللايدۇ، — دېدى.

ماتېرىيالدىن كۆرۈشۈمچە ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى شەھەرلەردە تۈرلۈك شەكىللەردىكى «قوشنىلار بايرىمى» ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، رايونىمىزدىمۇ بۇ خىل بايرام ئومۇملىشىپ تېخىمۇ تىنچ، ئىناق، ئىنتىپاق، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىمىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

پايدىلانمىلار:

1. رېن دىڭچيۇ، يالى جېڭپۇ «شۋېيتسارىيە»، ئىجتىمائىي پەن ھۆججەتلەر نەشرىياتى 2006- يىللىق نەشرى، خەنزۇچە.
2. جوۋ يۈنفاڭ «ياخشى بولغان قوشنىلار مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك»، جۇڭگو جەمئىيەت نەشرىياتى 2007- يىللىق 3- بېسىلىشى، خەنزۇچە.
3. سۇن جۈئەن «ئوخشاش لەمپە ئاستىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى» جۇڭگو جەمئىيەت نەشرىياتى 2009- يىللىق نەشرى، خەنزۇچە.
4. ماجۇنمىن، لياۋ زىيۇ رەتلەپ تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىللىق نەشرى، ئۇيغۇرچە.
5. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002- يىللىق نەشرى، ئۇيغۇرچە.
6. «شۋېيتسارىيە مەنزىرىلىرى — شۋېيتسارىيەنى ساياھەت قىلىش يېتەكچىسى»، 2000- يىللىق 1- سان PROMOTION RUCKSTUHL MEDIA نەشر قىلغان، خەنزۇچە.
7. ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007- يىللىق نەشرى، ئۇيغۇرچە.
8. مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006- يىللىق نەشرى، ئۇيغۇرچە.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

# هاجى پالۋان



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكان ئىچىدىكى بىر شەھەردە بىر چوڭ باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ باتۇر ۋە ئەقىللىق بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ھاجى ئىكەن، خەلقئالەممۇ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل ئىكەن. ھاجى پالۋان بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا:

— ئەي دادا، مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم، لېكىن ھازىرغىچە ھېچ يەرگە چىقمىدىم، شۇڭا ماڭا مۆھلەت بەرسەڭ، سىرتلارغا چىقىپ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ خەلققە پايدا يەتكۈزسەم ھەم تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىپ كۆرسەم، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دادىسى بالىسىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ يول تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بالىسىغا ئاتاپ تەييارلىغان ئۈچار ئارغىماقنى ئېگەرلەپ:

— ئەي بالام، سەن ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ھەرھالدا ئويلىشىپ ئىش قىلارسەن، خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپ ھاجى پالۋاننى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ھاجى پالۋان ئۈچار ئارغىماقنى مىنىپ، بەزىدە يەردە يۈرۈپ، بەزىدە ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىپ بارسا يەردە بىر قوي قوتىنى كۆرۈنۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بۇ قوتان ناھايىتى مەينەت ئىكەن. ھاجى پالۋان «قوتاننى تازىلىساممۇ بىر ساخاۋەتلىك ئىش بولغىدەك» دەپ ئويلاپ يەرگە چۈشۈپ ئارغىماقنى بوك-باراقسان توغراقلىق ئارىسىغا يوشۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قويۇپ، ئۆزى ئاستا كېلىپ قوي قوتىنىنى پاك-پاكىز تازىلاپ قويۇپ باشقا يەرگە مۆكۈۋاپتۇ.

كەچ بولغاندا قويلار قايتىپ كەپتۇ. بۇ قويلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى سەركە بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى ئۈچ كۆزلۈك، بىرسى ئىككى كۆزلۈك ئىكەن. بۇ ئىككى سەركە قويلارنى باقىدىكەن، ئۈچ كۆزلۈك سەركە قوتان غوجايىنى ئىكەن. قوي ئىگىسى قېرى بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى بىسىر① ئىكەن. ئۈچ كۆزلۈك سەركە قوتانغا كىرىپ شۇنداق قارىسا قوتان پاك-پاكىز تازىلاقلىق تۇرغان. بۇنى كۆرگەن سەركە خۇشال بولۇپ بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي غوجايىن، قوتاننى نېمىشقا تازىلىدىڭىز؟ ئۆزىمىز تازىلايتتۇق ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بىسىر غوجايىن:

— مەن قوتاننى تازىلىمىدىم، باشقا بىرسى تازىلاپ قويغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولسا سىلەر قوتان تازىلىغۇچىنى دەرهال تېپىڭلار، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرايلى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئىككى كۆزلۈك سەركە يوشۇرۇنۇپ قوتان ساقلىماقچى ۋە قوتان تازىلىغۇچىنى تۇتماقچى بوپتۇ.

ئەتىسى ئۈچ كۆزلۈك سەركە قويلارنى بېقىشقا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئىككى كۆزلۈك سەركە قوتاندا ئولتۇرا-ئولتۇرا ئاخىر ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ چاغدا هاجى پالۋان يەم بىلەن كېلىپ قوتاننى تازىلاپ قويۇپ يەنە مۆكۈۋاپتۇ. سەركە بىر چاغلاردا ئويغىنىپ قارىسا قوتان پاك-پاكىز تازىلاقلىق تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئاپلا، چاتاق بوپتۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ تۇرۇپ قاپتۇ. هەش-پەش دېگۈچە كەچ كىرىپ قويلارمۇ قايتىپ كەپتۇ. ئۈچ كۆزلۈك سەركە ئۇنىڭدىن:

— قوتان تازىلىغان مەخلۇقنى تۇتتۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىككى كۆزلۈك سەركە:

— تۇتالمىدىم، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ناهايىتى خاپا بوپتۇ.

ئەتىسى قويلارنى ئىككى كۆزلۈك سەركە بېقىپ، قوتاندا ئۈچ كۆزلۈك سەركە قالماقچى بوپتۇ.

ئەتىسى ئۈچ كۆزلۈك سەركە قوتاننىڭ بىر يېرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەپتۇ. لېكىن ئۇ ئاۋۋال بىر كۆزىنى يۇمۇپ ئىككى كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ يېتىپتۇ. ئاندىن ئىككى كۆزىنى ئۇخلىتىپ بىر كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ يېتىپتۇ. شۇ چاغدا هاجى پالۋان «بۇمۇ ئۇخلاپ قالدىغۇ» دەپ ئويلاپ، قوتانغا كىرىپ تازىلاشقا باشلاپتۇ. قوتاننى تازىلاپ بولاي دېگەندە ئۈچ كۆزلۈك سەركە سەكرەپ بېرىپلا هاجى پالۋاننى تۇتۇۋاپتۇ. هاجى پالۋان يېنىدىكى خەنجىرىنى چىقىرىپ سەركە بىلەن ئېلىشىپ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەپتۇ. سەركە ئۇنى سۆرىگەن پېتى ئۇدۇل بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ رازى بولۇپ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا قوتان غوجايىنلىقىنى بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— هەي ئوغلۇم، سەن قوي باققاندا قويلارنى هەرگىز قارا ئېقىن تەرەپكە ئاپارمىغىن. ئەگەر ئۇ يەرگە بېرىپ قالساڭ، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بىسىر بولۇپ قالىسەن، — دەپتۇ. هاجى پالۋان بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇ يەردە نېمە سىر بار، ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن بوۋاي:

— ئەي ئوغلۇم، ئۇ سىرنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم، سەن مېنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ئۇ يەرگە بارىسەن، ئۇ چاغدا سەنمۇ بىسىر بولۇپ قالىسەن. مەن ساڭا ئاران ئېرىشتىم، سەنمۇ بىسىر بولۇپ قالساڭ بۇ يەردە مېنىڭ ئىزىمنى باسقىدەك هېچكىم قالمايدۇ، — دەپتۇ. هاجى پالۋان، سىرنى بىلەلمىگەنلىكە ئىچى پۇشۇپ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئەتىسى قويۇپ قويلارنى هەيدەپ قارا ئېقىنغا بارماقچى بوپتۇ ۋە ئۈچ كۆزلۈك سەركىدىن:

— بۇ ئېقىندا زادى نېمە بار؟ نېمە ئۈچۈن بوۋاينىڭ كۆزىنى بىسىر قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۈچ كۆزلۈك سەركە هاجى پالۋانغا:

— هازىر سەن بىزگە غوجايىن بولدۇڭ، بۇنى

---

① بىسىر — ئەما

سەندىن يوشۇرساق بولمايدۇ. قارا ئېقىندا بىر ئايال جىن بار. ئۇ ئايال جىننىڭ بىر تال نېيى بار. كىمكى ئۇ يەرگە بارسا ئۇ ئايال جىن ھېلىقى نېينى تەڭلەپ تۇرۇپ «كەل، ئىككىمىز مۇسابىقىلىشەيلى، سەن نەينى چالسەن، مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن. سەن يەڭسەڭ، نېمە ھاجىتىڭ بولسا ئورۇنلايمەن، مەن يەڭسەم كۆزۈڭنى بېسىر قىلىمەن» دەيدۇ. ئۇ جىن ھازىرغىچە يېڭىلىپ باقمىدى. بىزنىڭ غوجايىنىڭ كۆزىنىمۇ شۇ بېسىر قىلغان، ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھاجى پالۋان:

ــ مەن ئۇ جىن بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقاي، ــ دەپ قويلارنى ھەيدەپ قارا ئېقىنغا بېرىپتۇ، ھېلىقى ئايال جىن مىڭ تۈرلۈك ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە نەينى ھاجى پالۋانغا تەڭلەپ:

ــ ھەي پالۋان، كەل، ئىككىمىز بىر بەسلىشىپ باقايلى. سەن نەينى چالسەن، مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن.



سەن يېڭىلسەڭ، كۆزۈڭنى بېسىر قىلىمەن، مەن يېڭىلسەم، سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بولسا ئورۇنلايمەن، ــ دەپتۇ.

بۇ ئىككىسى بەسلىشىپتۇ، كەچ كىرىپتۇ، بىر ـ بىرىسىنى يېڭەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال جىن:

ــ ھەي پالۋان، بۈگۈن بىر ـ بىرىمىزنى يېڭەلمىدۇق، ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆز ئورنىمىزغا قايتىپ ئەتە كۈن چىققاندا يەنە ئېلىشايلى، ــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى ئۆز ئورنىغا قايتىپتۇ. ھاجى پالۋان قويلىرىنى ئەكىلىپ قوتانغا سولاپ قويۇپ گەمىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، بوۋاي غوجايىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپتۇ ھەم ئەتىسى بارماسلىققا ۋەدە ئاپتۇ. ھاجى پالۋان بوۋايغا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ كۆزىنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىككىنچى كۈنى يەنە بېرىپتۇ، ئۇلار يەنە بىر كۈن بەسلىشىپتۇ، لېكىن يەنە بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ھاجى پالۋان يەنە بېرىپ ئايال جىن بىلەن يەنە بەسلىشىپتۇ. كەچ بولاي دېگەندە ئايال جىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھاجى پالۋان دەرھال كېلىپ جىننىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ خەنجىرىنى ئۇنىڭ گېلىگە تەڭلەپ:

ــ سەن دەرھال بوۋاينىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈر، ــ دەپتۇ. بۇ ئايال جىن:

ــ ئۇنداق بولسا قولۇڭدىكى نەينى چىڭ تۇت، مەن بوۋاينىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن نەينى ماڭا بەر، مېنىڭ جېنىم ئاشۇ نەيدە، ــ دەپتۇ. ھاجى پالۋان:

ــ سەن نېمىشقا بوۋاينىڭ كۆزىنى بېسىر قىلىپ قويغان؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئايال جىن ھاجى پالۋانغا:

ــ بۇ ئەسلىدە ئىنتايىن يامان ئادەم، ئەگەر ئۇنىڭ كۆزى ئەسلىگە كېلىدىغان بولسا، سېنىڭ كۆزۈڭنى بېسىر قىلىپ قويىدۇ، دۇنيادىكى پۈتۈن ئادىمزات ۋە ھايۋانلارنىڭ جېنىنىمۇ ئۆزىگە بەنت قىلىۋالىدۇ، ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ھاجى پالۋان يەنىلا «بوۋاي شۇنداق يامان ئادەم بولسىمۇ مەن ساخاۋەتچىلىك قىلغىلى چىققان ئىكەنمەن، نېمىلا بولسۇن بىر قېتىم ساۋاب ئىش قىلىپ قوياي» دېگەن نىيەتتە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال جىن ئامال قىلالماي قاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىدىن بىر تال ئۈزۈك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نى ئېلىپ قولىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ھاجى پالۋان جىندىن:
— بۇنى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. جىن:
— كۈن چىققاندا بوۋاينى تالاغا ئېلىپ چىقىپ بىسمىللاھى رەھمانى رەھىمنى تەتۈر ئوقۇپ مانا بۇ ئۈزۈكنى كۆزىگە سۈرۈپ «بوۋا، كۆزۈم ئايدەك كۆز بولسۇن دەپ يۈزىڭىزنى سىلاڭ!» دېگىن، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ، — دەپتۇ.
ھاجى پالۋان ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ قوي قوتىنىغا قايتىپ كېلىپ ئارام ئاپتۇ. ئەتىسى كۈن چىققاندا بېسىر بوۋاينى تالاغا ئېلىپ چىقىپ كۈن تەرەپكە قارىتىپ قويۇپ بىسمىللانى تەتۈر ئوقۇپ، ئۈزۈكنى بوۋاينىڭ كۆزىگە سۈرۈپتۇ ۋە بوۋايغا:
— بوۋا، كۆزۈم ئايدەك بولسۇن، دەپ يۈزىڭىزنى سىلاڭ، — دەپتۇ. بوۋاي ھەيران بولۇپ ھاجى پالۋاننىڭ دېگىنى بويىچە يۈزىنى سىلىغانىكەن، كۆزى ئېچىلىپ ئەسلىگە كەپتۇ. بوۋاي يورۇق جاھاننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ھەم دەرھال يېنىدىن 41 تال ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن بىرىنى چىقىرىۋېلىپ قالغىنىنى رەھمەت يۈزىسىدىن ھاجى پالۋانغا بېرىپتۇ ۋە:
— سەن مېنىڭ 40 ئېغىزلىق ئۆيۈمدىن ھەر كۈنى ئىككىنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى ئاچ، بۈگۈندىن باشلاپ سەن ئۆي غوجايىنى بولدۇڭ، قوينى مەن باقىمەن، — دەپتۇ.
شۇ كۈندىن باشلاپ بوۋاي قوي بېقىپتۇ. ھاجى پالۋان ھەر كۈنى ئىككى ئېغىز ئۆينى ئېچىپ 20 كۈندە 40 ئېغىز ئۆينىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ بوپتۇ، لېكىن كۆڭلىگە ياققۇدەك ھېچنەرسە ئۇچرىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ھېلىقى ئايال جىننىڭ قېشىغا بېرىپ:
— بوۋاي 41 تال ئاچقۇچتىن 40 تالنى ماڭا بېرىپ بىر ئاچقۇچنى بەرمىدى، بۇنىڭ سىرى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال جىن ھاجى پالۋانغا:
— سەن بوۋايدىن ئاخىرقى بىر تال ئاچقۇچنى تەلەپ قىلساڭ بوۋاي ئامالسىز ئاچقۇچنى بېرىدۇ. بۇ ئاچقۇچ بىلەن 41- ئۆينى ئاچساڭ، ئۇ ئۆيدە ئۈچ كەپتەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلىكىلەر، ئوتتۇرىدىكى قونداقتا ئولتۇرغان مەلىكە پۈتۈن يۇرتنىڭ پادىشاھى، سەن ئاشۇ مەلىكە بىلەن توي قىلساڭ مەڭگۈ بەختلىك بولىسەن، لېكىن سىلەر توي قىلغاندىن كېيىن دەرھال بوۋاينىڭ يېنىدىن قېچىپ كېتىڭلار، بولمىسا بوۋاي سىلەرنى ساق قويمايدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاجى پالۋان:
— كەپتەرلەر قانداق قىلىپ مەلىكىگە ئايلىنىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال جىن:
— سەن ھەر بىر كەپتەرنىڭ يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان ياغلىقنى سىلىساڭ، ئۇلار دەرھال مەلىكىگە ئايلىنىدۇ، جايىغا ئېسىپ قويساڭ، يەنە كەپتەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ سىرنى ئۇقۇۋالغان ھاجى پالۋان ئۆز جايىغا يېنىپ كېلىپ بوۋايدىن:



— ھەي بوۋا، سىز ماڭا 40 تال ئاچقۇچنى بەردىڭىز، ئۇ ئۆيلىرىڭىزنى كۆردۈم، يەنە بىر تال ئاچقۇچنىمۇ بەرسىڭىز، ئۇ ئۆيىڭىزنىمۇ كۆرۈپ باقسام، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي ئامالسىز ئاچقۇچنى بېرىپ:
— ئۇنداق بولسا ئۇ ئۆيدە ئۈچ قونداقتا ئۈچ كەپتەر بار، يېنىدا ئۈچ ياغلىق ئېسىقلىق، سەن كەپتەرنىلا كۆر، ياغلىقنى تۇتقۇچى بولما، ئەگەر تۇتۇپلا قويساڭ ئىش چاتاق، — دەپتۇ. ئەتىسى بوۋاي قويلارنى باققىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھاجى پالۋان ھېلىقى ئۆينى ئېچىپ قارىسا، دېگەندەك ئۈچ دانە كەپتەر قونداقتا ئولتۇرغان، يېنىدا ئۈچ ياغلىق ئېسىقلىق تۇرغان. ھاجى

پالۋان ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئۇلۇغ ياغلىقنى شۇنداق ئېلىپتىكەن، ئۇلۇغ تەرەپتىكى قونداقتا ئولتۇرغان كەپتەر يەرگە چۈشۈپ بىر يۇملاپلا ساھىبجامال مەلىكىگە ئايلىنىپتۇدە:

— ھەي پالۋان، نېمە تەلىپىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ھاجى پالۋان:

— مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، مەن بۇ سىرنى بىر كۆرمەكچى ئىدىم، — دەپتۇ. ھېلىقى مەلىكە:

— سىر مەندە ئەمەس، ياغلىقنى جايىغا ئېسىپ قويۇڭ، — دەپتۇ. ھاجى پالۋان ياغلىقنى جايىغا ئېسىپ قويۇشىغىلا بۇ مەلىكە شۇ زامات كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۆز جايىغا قونۇپ ئولتۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاجى پالۋان ئايال جىننىڭ سۆزىنىڭ راسلىقىغا ئىشىنىپ ئىشكنى تاقاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئەتىسى ھاجى پالۋان بۇ ئۆيگە يەنە كىرىپ سول تەرەپتىكى ياغلىقنى ئېلىپ سىلكىگەن ئىكەن، سول تەرەپتىكى كەپتەر بىر يۇملاپلا ساھىبجامال بىر مەلىكىگە ئايلىنىپتۇ ۋە ئوخشاشلا:

— ھەي پالۋان، نېمە تەلىپىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ھاجى پالۋان:

— مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، مۇشۇ سىرنى بىر كۆرمەكچى ئىدىم، — دەپتۇ. مەلىكە:

— بۇ سىر مەندە ئەمەس، ياغلىقنى ئېسىپ قويۇڭ، — دەپتۇ. ھاجى پالۋان ياغلىقنى ئۆز جايىغا ئېسىپ قويۇشىغىلا بۇ مەلىكىمۇ كەپتەرگە ئايلىنىپ جايىغا قونۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ھاجى پالۋان يەنە ھېلىقى ئۆيىنى ئېچىپ كىرىپ ئوتتۇرىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ سىلكىپتىكەن، ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان كەپتەر بىر يۇملاپلا گۈزەل مەلىكىگە ئايلىنىپتۇ ۋە:

— ئەي پالۋان، نېمە تەلىپىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ھاجى پالۋان:

— مەن سىرنى بىلىپ بولدۇم، سىر ئەسلي سىزدىكەن، مېنىڭ سىز بىلەن قوشۇلدىغان تەلىپىم بار، — دەپتۇ. مەلىكە:

— بىز بوۋاينىڭ رۇخسىتىسىز بۇ يەردىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيمىز. شۇڭا سىز ھازىرچە ياغلىقنى جايىغا ئېسىپ قويۇڭ. كەچتە بوۋاي كەلگەندە «بوۋا، ئەمدى مەن قايتايمىكىن، دەپ بوۋايدىن رۇخسەت ئېلىڭ،» — دەپتۇ. ھاجى پالۋان ياغلىقنى جايىغا ئېسىپ قويۇپ ئىشىكنى تاقاپتۇ - دە، بوۋاينىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، كەچتە بوۋاي قايتىپ كەپتۇ. بوۋاي قويلارنى قوتانغا سولاپ قويۇپ تاماق يەپ ئولتۇرغاندا ھاجى پالۋان:

— بوۋا، مەن ئۆيۈمدىن ئايرىلغىلى بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى، مەن ئەسلي بىرەر ساخاۋەتلىك ئىش قىلىش مەقسىتىدە چىققاندىم، سىز ماڭا كۆپ غەمخورلۇق قىلدىڭىز. مېنىڭمۇ ئاتا-ئانام بار ئىدى، ئۇلارمۇ غەم قىلىپ قالغاندۇ. شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن ئەمدى ئۆز يۇرتۇمغا قايتسام، — دەپتۇ. بوۋاي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ھەي ئوغلۇم، سەن ماڭا ئىنتايىن زور ياخشىلىق قىلدىڭ، بۇنىڭ بەدىلىگە مەن سېنى ئۆمۈر بويى باقساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. ھازىرچە تۇرۇپ تۇرغىن، ئەتە مەن ساڭا بىر قوي بېرىمەن، ئۇنى سويۇپ ئىچ-قارنىنى تازىلىماي گۆشىنى بىر قازانغا، ئىچ-قارنىنى بىر قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ تۇرغىن. ئەتە كەچتە بۇ قوينىڭ گۆشىنى راسا يەيلى، قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز بولىدۇ، — دەپتۇ. ئەتىسى بوۋاي بىر قوينى ھاجى پالۋانغا تاشلاپ قويۇپ قوي باققىلى كېتىپتۇ.

ھاجى پالۋان بوۋاي كەتكەندىن كېيىن قوينى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ھېلىقى مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرىپ بولغان ئەھۋالنى دەپتۇ مەلىكە.

— ھەي پالۋان، ئۇ قوينىڭ قېرنى ئىچىدە بىر تاش بار، ئاشۇ تاش مېنىڭ جېنىم، سىز ئاشۇ تاشنى ئېلىۋېلىپ ماڭا بېرىڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز سىزمۇ بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىسىز-دە، ئىككىمىز بۇ يەردىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز، — دەپتۇ. ھاجى پالۋان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال چىقىپ قوينى ئۆلتۈرۈپتۇ. گۆشىنى بىر يەرگە ئايرىپ قويۇپ، قېرىنىنى يارغانىكەن، ئىچىدىن بىر تاش چىقىپتۇ. ھاجى پالۋان بۇ تاشنى ئېلىۋېلىپ دەرھال مەلىكىگە ئېلىپ كىرىپ بېرىپتۇ. مەلىكە تاشنى دەرھال ئېلىپلا ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇلار گۆشنى بىر قازانغا، ئىچ-قارنىنى بىر قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ قورساق تويغىچە يەپ ئاندىن ئارغىماققا مىنىپلا بۇ يەردىن قېچىپتۇ. كەچتە بوۋاي قايتىپ كېلىپ قارىسا ئىككى قازاندا قوينىڭ گۆشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن ئىچ-قارنى قايناۋاتقان، ھاجى پالۋان يوق تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۈچ كۆزلۈك سەركىدىن سوراپتۇ. ئۈچ كۆزلۈك سەركە ئەتراپقا شۇنداق نەزەر تاشلاپ بوۋايغا:

— بۇ مەخلۇق ئارغىماقنى مىنىپ جاھاننىڭ تۆرىدە قېچىپ كېتىپ باردۇ، رۇخسەت قىلسىڭىز مەن ئۇنى تۇتۇپ يۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كەلسەم قانداق؟! — دەپتۇ. بوۋاي:

— بوپتۇ، ئۇ ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى. كەتمىگەن بولسىمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق بار ئىدى. خەير، بارسا بارسۇن، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۆيۈمنىڭ تۆپىسىدىن بولسىمۇ ئۆتۈپ قالار، — دەپ ھاجى پالۋانغا يول قويۇپتۇ. بوۋاي سەركىنى ئەۋەتكەن بولسا چوقۇم ھاجى پالۋاننى تۇتۇۋالار ئىكەن، ھاجى پالۋان بىلەن مەلىكە ئارغىماقنى مىنىپ ئۇچۇپ، كۈن كەچ بولغاندا ئۆز يۇرتىغا كېلىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن خۇشال-خۇرام كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئانىسىنى چاقىرىپ ھېلىقى ياغلىقنى بېرىپ:

— ئانا، ياغلىقنى ساندۇقنىڭ تېگىگە سېلىپ چىڭ ساقلاڭ، بېشىڭىزغا ھەرقانداق كۈن چۈشسىمۇ بۇنى چىقارماڭ، بولۇپمۇ مېنىڭ ئايالىمغا زادىلا بەرمەڭ، — دەپتۇ. ئانىسى ماقۇل بولۇپ ياغلىقنى ساندۇقنىڭ چوڭقۇر يېرىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئانا-بالا، كېلىن ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن ئون يىل ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاجى پالۋاننىڭ ئانىسى:

— ساندۇقۇمنى ئاچمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ، ئىچىدىكى نەرسىلىرىمنى كۆيە يەپ بولمىغاي، — دەپ ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا چىقىرىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە مەلىكىنىڭ كېلىنى كىرىپ قاپتۇ ۋە ياغلىقنى كۆرۈپ:

— ئانا بۇ ياغلىق ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، ماڭا بەرسىڭىزچۇ، — دەپتۇ. ئانىسى:

— ۋاي بالام، بۇ ياغلىق چىرايلىق بولسىمۇ سىزدىن ئەزىز ئەمەس، — دەپ ياغلىقنى كېلىنىگە بېرىپتۇ. كېلىنى ياغلىقنى ئېلىپلا بىر كەپتەرگە ئايلىنىپ پۇررىدە ئۇچۇپ تۈگلۈككە قونۇپتۇ ۋە:

— خەير ئانا! سىلەر ئون يىلدىن بۇيان ماڭا شۇنداق ياخشى قارىدىڭلار، سىز ھاجى پالۋانغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئەمدى مېنى كۆرەر بولسا مۇنۇ ئەينەكنى ئېلىپ ئۈچ يىل ماڭسۇن. شۇندىلا بۇ ئەينەكتىن مېنى كۆرەلەيدۇ، — دەپ بىر ئەينەكنى ئانىسىغا بېرىپتۇ ۋە يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن ئۆكۈنۈپ بېشىنى پالتۇكقا ① ئۇرۇپ يىغلاۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ھاجى پالۋان كىرىپ قاپتۇ. ھاجى پالۋان ئانىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن:

— ئانا، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە مەلىكە بەرگەن ئەينەكنى بېرىپتۇ. ھاجى پالۋان شۇ ھامان ئارغىماقنى مىنىپ مەلىكەنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. دەل ئۈچ يىل، ئۈچ كۈن ئىزدەپتۇ. ئۈچ يىل بولغاندا بىر كۈنى بىر تاغنىڭ باغرىغا چۈشۈپ ئەينەكنىڭ ئالدى يۈزىگە شۇنداق قارىسا مەلىكە ئەينەكتە ھازىر بوپتۇ ۋە:

— ھەي يىگىت، سىز مېنى ئىزدەپ يا ئۈچ كۈن، يا ئۈچ ئاي، يا ئۈچ يىل يۈرۈڭ دېگەنىدىم، ھازىر ۋاقىت ئۆزىراپ كەتتى، ئەمدى بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، بۇنىڭدىن كېيىن قانچە تەقەززا بولسىڭىزمۇ ئەمدى مېنى كۆرەلمەيسىز، — دەپتۇ-دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ھاجى پالۋان:

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىگە قەتئىي دەسسىمەيمەن، — دەپلا ئارغىماقنى مىنىپ ئاسماننىڭ قەھرىگە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇسسىسا ئۆز قېنىنى ئۇسسۇزلۇق قىلىپ، قورسىقى ئاچسا ئۆز گۆشىنى يەپ يەر يۈزىگە پەقەتلا چۈشمەپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە ئاتا-ئانىلار، ئەر-خوتۇن بىر-بىرسى ئۈچۈن ئىسسىق قېنى ۋە جېنىنى ئايىمايدىغان ئۆرپ-ئادەت كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تارىم يېزا قۇربانكۆل كەنت ئەزاسى قۇربان قاسىم

خاتىرىلىگۈچى: **توختى جامال**

«لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى

① پالتۇك — بوسۇغا



# تۇغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەزرىتى ئىسكەندەر پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا «دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە بىر زۇلمەت بارمىش، زۇلمەتكە كىرىپ چىققانلار ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان ئىچىدە قالۇرمىش» دېگەن بىر گەپ يېتىپتۇ. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ زۇلمەتنى كۆرگۈسى، «پۇشايمان»نىڭ بار يېرىنى بىلگۈسى كەپتۇ ـ دە، زۇلمەتنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ بىر جايغا بارغاندا ھەسرەتكە چۆمۈپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە يولۇقۇپتۇ. ئىسكەندەر شاھ ئۇ كىشىدىن ھەسرەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ، ئۇ كىشى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن بۇ دۇنيادا بىر زۇلمەت بارلىقىغا ئىشىنىپ ئاخىرى زۇلمەتنى تېپىپ كىردىم. ئۇنىڭ ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ ئىكەنكى، بىر قەدەم نېرىدىكى جاينى ئەمەس، ئۆزى تۇرغان جاينىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن، شۇنداق بولسىمۇ مەن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر چاغدا ئايىغىم سۇغا چىلاشقاندەك بولدى، شۇ يەردە

www.uyghurkitap.com



توختاپ سۇغا قول تىقتىم، سۇ تېيىز ئىكەن، قولۇمغا ئاجايىپ سىلىق تاشلار ئۇرۇندى، مەن قولۇمغا چىققان تاشلارنى ئېلىپ يورۇقتا كۆرۈش ئۈچۈن زۇلمەتتىن قايتىپ چىقتىم. قارىسام ئۇ شۇنداق ئېسىل گۆھەر تاشلار ئىكەن، ئۇنداق تاشلارنى يەر يۈزىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ تاشلارنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىمدا يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى. ئۇ كىشىمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىققان ئىكەن، ئەمما ھېچنېمە ئېلىپ چىقماپتۇ. ئۇ كىشى مەن ئېلىپ چىققان تاشلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قالدى. ئىككىمىز دەرھال زۇلمەتكە قايتا كىرمەكچى بولدۇق. بىراق زۇلمەت غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. بىز خۇداغا نالە قىلىپ، زۇلمەتكە كىرىش ئۈچۈن يول بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. شۇ پەيتتە غايىبتىن «ھەي ئىنسانلار، ئادەم ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىرىش بىر نۆۋەت نېسىپ بولىدۇ» دېگەن سادا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ھېچنەرسە ئېلىپ چىقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرىمەن.

جانابىي ئىسكەندەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بىر تاغقا يېتىپ بارغاندا قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ، ئىسكەندەر شاھ زۇلمەت مۇشۇ بولسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئۆزى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. ئېيتقاندەك بۇ زۇلمەت ئىكەن. ئۇ بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن سۇغا دۇچ كەپتۇ. قولىنى سۇغا سالغان ئىكەن، ھېلىقى كىشى ئېيتقاندەك سىلىق تاشلار ئۇرۇنۇپتۇ. ئىسكەندەر شاھ، ماڭا دۇنيا ـ دەپنە كېرەك ئەمەس، مەن مۇشۇ سۇدىن ئېلىۋالاي، دەپ يېنىدىكى كوزىغا زۇلمەتنىڭ سۈيىنى تولدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپتۇ، شۇ ھامان دەرەختىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى شاھى ئىسكەندەر» دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ئىسكەندەر شاھ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ـ دە، دەرھال ئېتىنى ئۇ دەرەختىن يېشىپ باشقا دەرەخكە باغلاپ ھېلىقى ئاۋاز چىققان دەرەخكە قايتا نەزەر سېپتۇ، بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر كىشى ياتقان ئىكەن.

— سىز كىم بولۇسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئىسكەندەر شاھ ئۇ كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

— ئەپۇ قىلىڭ ئى شاھى ئالەم، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئىلاجىسىزمەن، مەن دەرەخ ئادەم بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بۇ قانداق گەپ، دەرەخ ئادەممۇ بولامدۇ؟ — دەپ قايتا سوئال قويۇپتۇ ئىسكەندەر شاھ. ئۇ كىشى:

— مەن ئەسلىدە ئادەم ئىدىم، زۇلمەتكە كىرىپ زۇلمەتنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ چىققان ئىدىم. ھازىر بۇ ۋەقەگە مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتتى، ئۆلمىدىم، كېيىن بىلسەم زۇلمەتنىڭ سۈيى ئابىھايات دېگەن سۇ ئىكەن، ماڭا قاراڭ، بەدىنىمدىن دەرەخ ئۆسۈپ چىقتى، لېكىن تېنىمدىن جېنىم چىقمىدى. دەرەخ ئادەم بولۇپ قالدىم. ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسام بۇنداق كۈنگە قالماس ئىدىم، — دەپتۇ، ئاندىن ئىسكەندەر شاھتىن، — سىزمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ ئىسكەندەر ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاچا سۇ ئېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسىڭىز تۆكۈۋېتىڭ، ئىچسىڭىز ماڭا ئوخشاش باقىي ئالەمگە سەپەر قىلالماي مەڭگۈ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالىسىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر كوزىدىكى سۇنى نېرىراقتا تۇرغان بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋېتىپتۇ. دەرەخ ئۈستىدە بىر قاغا قونۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ قاغا سۇ تۆكۈلگىنىنى كۆرگەن ھامان ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ سىڭىپ بولمىغان سۇنى ئىچىۋاپتۇ. ئىسكەندەر سۇ چاچقان دەرەخ توغراق ئىكەن، شۇڭا توغراق بىلەن قاغا ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: غوپۇرجان قارىم

توپلىغۇچى: نەجمىدىن سىدىق

«ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۆلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۈگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە

بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 — 58
تېلېفون نومۇرى: 0991 — 4554017
E-mail:miras uyghur @126.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
















يېڭىسار تەلپىكى



مۇساجان ۋاھاپ ماي بوياق رەسىملىرىدىن



دېھقان روھى

www.uyghurkitap.com




باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联大楼14层）
电话：(0991)4554017　传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60　广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001　定价：6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552